بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# پۇل ھەققىدە ئاچچىق-چۈچۈك ھېكايىلەر



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# پۇل ھەققىدە ئاچچىق-چۈچۈك ھېكايىلەر



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

爱财之理：维吾尔文/阿不来提·居马编著，—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.1
(致富丛书)
ISBN 978-7-5466-1212-6

I.①爱… II.①阿… III.①财务管理—通俗读物—维吾尔语(中国少数民族语言) IV.① TS976.15-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第011661号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۇكۇر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋارىس مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: رۇقىيە شېرىپ
رەئىسە تۇرسۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

**پۇل ھەققىدە ئاچچىق - چۈچۈك ھېكايىلەر**

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 5
2012 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1212 - 6
باھاسى: 15.00 يۈەن



ئابلەت جۇمە تۇپراق 1963 - يىلى 4 - ئايدا يوپۇرغا ناھىيەسى تېرىم يېزىسىنىڭ كۆتەكلىك كەنتىدە تۇغۇلغان، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا چوڭ بولغان. ئۇ «قەشقەر گېزىتى» ۋە «قەشقەر» ژۇرنىلىدا باش مۇخبىر ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىرغىچە 5000 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر - ماقالە، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، شېئىر يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان؛ «جاسارەتلىك بول ئوغلۇم» قاتارلىق 17پارچە كىتابى ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان. 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە - ئەسىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# كىرىش سۆز

ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنىڭ بىتەكرار پۇرسەتلىرىنى چىڭ تۇتۇش، ئەڭ زور ئىرىشچانلىق بىلەن ئۇنى بېيىتىپ، ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇش ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەمما، بۇ ئارزۇنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. ھەربىر كىشىدە كۆرۈنمەس بىر تىلتۇمار بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە «ئاكتىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان. بۇ بايلىق، مۇۋەپپەقىيەت، خۇشاللىق ۋە ساغلاملىقنى جەلپ قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىقىدۇ ۋە شۇ يەردە مەزمۇت تۇرغۇزىدۇ؛ تىلتۇمارنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە «پاسسىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنى رەت قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى تۇرمۇشنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ، ھەتتا يۇقىرى پەللىدە تۇرغان كىشىلەرنى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

كىشىلىك ھايات پۇرسەت ۋە خىرىسقا تولغان بولىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشى بىزدىن ئەنئەنىۋى ئىقتىساد ئېڭىمىزنى، قىممەت قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزنى، زامانغا لايىق بىلىم - ساپانى ھازىرلىشىمىزنى، ئۇچرىغان خىرىس، قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان پەم - پاراسەت، جاسارەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتىكى پۇرسەت ھەممىلا يەردە تولۇپ تۇرىدۇ. بۇ «پۇرسەت» لەر ھەممىلا ئادەمگە بېيىش ھوقۇقىنى بەرگەن.

بىراق، ئۇ تەييارغا ھەييار بولىدىغانلارنىڭ بېيىشىغا كاپالەتلىك قىلمايدۇ. پەقەت تىرىشقان، ئىزدەنگەنلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئىقتىساد ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بىۋاسىتە ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بېيىش ئىستىكىدە بولغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا «بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى» نى سۇندۇق. مەجمۇئە تۆرلۈك تىجارەت يوللىرىنى، ئىستېمال يۆنىلىشىنى، مەبلەغ سېلىش ئۇسۇللىرىنى، پۇل تېپىشنىڭ توغرا يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، بۇ كىتابنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، بېيىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستەكلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سىزگە ياخشى بىر يېتەكچى ۋە باشلامچى بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

پۇل ھەققىدە ئاچچىق - چۈچۈك ھېكايىلەر........................ 1
پارچە پۇل ماجىراسى........................................ 20
بالام، پۇلنى سىز خەجلەڭ ........................................ 61
پۇل تېپىش ۋە نامراتلىشىش........................................ 85
پۇلغا قارىغان كۆزىڭىز نۇرلۇقمۇ؟........................................ 125

# پۇل ھەققىدىكى ئاچچىق - چۈچۈك ھېكايىلەر

## «30 مىڭ يۈەنلىك تاپا - تەنە»

بىز ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگە كىرگەندە، ئاچىسى ئاچچىقىنى ئىچىگە پاتۇرالماي تازا قايناپ تاپا - تەنە قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ، بىزنى مېھمانخانىغا باشلاپ قويۇپ، «قايناش»نى داۋام قىلدى:

— ھەيران بولۇشمىسىلا، يەنە شۇ «بايۋەچچە» ئىنىمنىڭ گېپى، ئۇ ھە دېسە پۇلنى بۇزۇپ - چاچىدۇ، ئاياشنى، يولى بىلەن جايىدا خەجلەشنى بىلمەيدۇ، گەپ قىلساق «ھە، ماقۇل» دەپ قويىدۇ، «ماقۇلغا جاۋاب يوق» ئىكەن، يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنى بىلگەن، قىلغىنى قىلغان، بۇزغان شۇ پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى ئانامغا ياكى بىزدەك قولى قىسقا تۇغقانلىرىغا بەرسە بولمامدۇ؟!...

بىزنىڭ بىر نېمە دېيىشىمىز ئورۇنسىز ئىدى، شۇڭا جىم تۇردۇق، لېكىن مەن ئويلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئىنىسى تىجارەتچى، تاپاۋىتى خېلى ئوبدان، ھەر يىلى بىرنەچچە يۈز مىڭ يۈەننى ئۇيان - بۇيان قىلىدۇ، شۇنىڭغا يارىشا پايدىسىمۇ ئاز ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن پۇلنى سۇدەك خەجلەيدۇ ھەم تېپىپ ئورنىنى تولدۇرۇپ تۇرىدۇ. ھەريىلى ئۆشرە- زاكات، ئېئانە ۋە باشقا خەير - ساخاۋەت دېگەندەك ئىشلارغا نەچچە ئون مىڭ يۈەننى كۆزىگە قارىماي بېرىۋېتىدۇ. ھازىر «قايناۋاتقان» مۇشۇ بىر تۇغقىنىمۇ ئۇنىڭ شاپائىتىدىن ھە دېگەندە بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ يەنىلا رازى ئەمەس. ئايال ئۆزى خېلى ئۇستا تىككۈچى، ئېرى پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچى بولۇپ، كۈنبويى

بىكارچىلىقتىن زېرىكىدۇ، بىراق ئۇلار بىكار يۈرگەندىن تىجارەت قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ، بارنى يەپ نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، سارغىيىپ ئۆتۈشكە رازىكى، قولىدىن كېلىشىچە ئىش ـ ئوقەت قىلىپ هال كۈنىنى ياخشىلاي دېمەيدۇ. خارلىنىپ قېلىشۋاتقىنىنى هار ئالمايدىغان بۇ ئەر ـ خوتۇن «ئىشسىز قېلىپ دەم، ساڭا بېقىپ مەن» دېگەندەك، ئۆمرىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى بىلمەي، تاپسا يەپ، بولمىسا شۈكرى دەپ ياتىدۇ. گېپى شۇنداق چوڭ، خىيالى مۇرەككەپ، باي بولۇشنى، گۈزەل تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما ئايال گۇلدەك هۈنىرىنى تاشلىۋەتكەن، ئېرىنىڭ ئازغىنە پېنسىيە مائاشىغا يۆلىنىۋالغان، «ئەر تۇرۇپ تىجارەت قىلىشنى نومۇس بىلگەن يەردە، ماڭا نېمە كەپتۇ، تىككۈچىلىك ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ جان قىيناپ نېمە كەپتۇ، خوتۇن دېگەننى ئەر باقىدۇ، ئۆيىنىڭ ئىگىسى ئەر، خوتۇن كىشى دېگەن ئەر تېپىپ بەرگەننى جايىدا پىشۇرۇپ بەرسە بولىدى. تىككۈچىلىك قىلىپ پۇل تېپىپ، ئېرىمنى باقامتىم» دەيدۇ؛ ئىنىسى پۇل خەجلىسە چىدىماي زارلىنىپ، كايىيدۇ، ئەمەلىيەتتە كايىشقا هېچقانداق هەققى يوق ئىشقا تىلى كۆيسە بولاتتى. سۈرۈشتۈرگەندە، بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشمۇ كايىغۇدەك ئىش ئەمەس ئىكەن. ئىنىسى سەهەردىلا قەشقەر ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيا سودا بازىرىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن تاكسىغا ئولتۇرۇپ، قەشقەر هېيتگاھ جامەسى ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، قايسىدۇر بىر تۇغقىنىنى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىشنى پۈتكۈزۈپ، ئاز دېگەندە يېرىم كۈندە تۈگەتكىلى بولىدىغان ئىشلارنى بىرەر سائەتتىلا تۈگىتىپتۇ، تاكسى هەققى ئۈچۈن 30 يۈەنلا پۇل خەجلەپتۇ.

ــ بوپتۇغۇ، خاپا بولغۇدەك ئىش ئەمەس ئىكەن، ــ دېدىم مەن ساهىبخان ئايالغا.

ــ خاپا بولمامدىمەن تېخى! تاكسىغا 30 يۈەن تۆلىگۈچە، ئاپتوبۇسقا بىر يۈەن تۆلەپ بارسا بولمامدۇ؟ بىر يۈەنلىك يولغا 30 يۈەننى بۇزامدۇ؟ نېمىدېگەن بەتخەجلىك بۇ؟! ــ ئۇ تېخىمۇ

ئەزۋەيلىدى ۋە ھەرە چېقىۋالغاندەك چىچاڭشىدى.

– ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلەپ پۇلى بار ئادەم ئۈچۈن 30 يۈەن ھېچنېمە ئەمەس، سىلى، بىزدەك پۇلى ئازلار ئۈچۈن ئېيتقاندىغۇ سىلىنىڭ دېگەنلىرىمۇ قىسمەن توغرا. بىلىپ قالسىلاكى، پۇل خەجلەشنى بىلىدىغان ئېپى بار ئادەم پۇل تېپىشنىمۇ بىلىدۇ. سىلىنىڭ ئىنىلىرى ئەنە شۇنداق ئېپى بار ئادەم، پۇلنى قانداق تېپىشنىمۇ، نەگە، قانداق خەجلەشنىمۇ بىلىدۇ. بىزچۇ، ئەسلىدىنلا پۇل خەجلەشنى بىلمەيمىز، شۇڭا پۇل تېپىشنىمۇ بىلمەيمىز. پۇل خەجلەشنى بىلگەن بولساق پۇل تېپىشنى بىلگەن بولاتتۇق، ئىنىلىرى بىز بىلمىگەن بۇ «ھۈنەر»نى ئوبدان بىلىدۇ، پۇل تاپقان، پۇل توپلىغان ھېساب ئەمەس، پۇلنى خەجلەشنى بىلگەن ھېساب! – دېدىم مەن ھاياجانلىنىپ.

مېنىڭ گەپلىرىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندەك، تەسىر قىلغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ قانداق قارىسۇن، ئۆزىنىڭ ئىشى. مەن ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىشىنى توغرا دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئۇ ئاشۇ 30 يۈەن بىلەن بىرقانچە ئۈتۈققا ئېرىشكەن: بىرىنچىسى، ۋاقىت جەھەتتە پايدا ئالغان، يەنى يېرىم كۈندە قىلىپ بولغىلى بولىدىغان ئىشنى بىر سائەتتە تۈگەتكەن. مۇبادا، ئۇ ئاشۇ تېجىگەن ۋاقىت ئىچىدە، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، تىجارەت پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلىسە، نۇرغۇن پۇل تېپىشى مۇمكىن. ئەكسىچە 30 يۈەننىڭ كۆزىگە قاراپ، يېرىم كۈن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتسە، تىجارەت پۇرسىتىنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ – دە، پۇلدىن قۇرۇق قالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئىمتىيازغا ئېرىشكەن، ئۇ 30 يۈەن خەجلەپ خالىغان جايغا بىمالال، خاتىرجەم، تېز بارالىغان ۋە ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرالىغان. بۇ، كۆرۈنۈشتە ئاددىي بىر ئىشتەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئاسان ئىشقا ئاشىدىغان ئىش ئەمەس؛ ئۈچىنچىسى، ئۇ ئاشۇ 30 يۈەن بىلەن جاننى ھۇزۇرلاندۇرغان، يەنى 30 يۈەننى خەجلەشكە كۆزى قىيماي،

ئاپتوبۇسقا چىققان بولسا، قىستىلىپ ئۆرە تۇرغاننىڭ ئۈستىگە ئاپتوبۇس ئالمىشىپ بارىدىغان نىشانغا يەتكۈچە بىر بۆلەك مۇساپىنى پىيادە مېڭىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. مانا مۇشۇلار ئاۋارىچىلىك، جاننى قىيناش بولماي نېمە؟ ئۇ، 30 يۈەن پۇل بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىراقلا خالىي بولغان. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇنى قانداقمۇ پۇلنى بۇزۇپ چاچتى دېگىلى بولسۇن؟! 30 يۈەن پۇلغا «30 مىڭ يۈەنلىك» تاپا - تەنە قىلىشقا نېمە ھەققى بولسۇن!

ھەممىگە ئايانكى، گاھى چاغلاردا بىرەر يۈز يۈەن خەجلەپمۇ قايىنغۇچىنىڭ ئىنىسى ئېرىشكەن نەپكە ئېرىشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. قاتمال پۇل تېجەش ئۇسۇلىنى ئۆزگىچە ئەينەك قىلىۋالغان، شۇ خىل ئىدىيەنى ئىقتىسادچىلىقنىڭ مۇقەددەس قانۇنى قىلىۋالغان كىشىلەر ئۇچۇن، 30 يۈەن كۆرۈنۇشتە ئىسراپچىلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، 30 يۈەننى باشقا ئىشقا سەرپ قىلىپ يۇقىرىقىدەك ئىمتىيازغا، ئۇنۇمگە ئېرىشەلىشى مۇمكىنمۇ؟!

## يېڭىچە پۇل تەبىرى ۋە كونىچە پۇل چۈشەنچىسى

ھازىرقى زاماندىكى پۇلدارلار ۋە پۇل تېپىشنى، پۇل خەجلەشنى توغرا بىر تەرەپ قىلغۇچىلار بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئەمەلىي ساۋاقلا، مول تەجرىبىگە ئىگە. بىز پۇلغا ۋە پۇلنىڭ ماھىيىتىگە ئەستايىدىل، يېڭىباشتىن، ئەتراپلىق نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ مەسىلىنى تولۇق چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنداقتا، پۇلغا قانداق تەبىر بەرگەن مۇۋاپىق؟ مېنىڭچە، پۇلغا ئىككى خىل تەبىر بېرىش كېرەك: بىرىنچىسى، كونىچە قاراش، يەنى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى مەزگىلىدىن قالغان قاراش بويىچە پۇل - ئەڭ رەزىل، ئەڭ مەينەت نەرسە دېگەن تەبىر: ئىككىنچىسى، يېڭىچە قاراش بويىچە پۇل - گۈزەل

تۇرمۇشىنىڭ ماددىي ئاساسى دېگەن تەبىردۇر. راست، پۇلغا تۇرمۇشقا كېرەكلىك ھەرقانداق نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھاياتلىق دۇنياسىدىكى بارلىق ماددىي نەرسىلەرنى پۇلغا سېتىۋالغىلى ۋە پۇلغا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. يالغۇز ماددىي نەرسە ۋە بايلىقلارنى سېتىۋالغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەنىۋى بايلىقلارنىمۇ ھاسىل قىلىشقا ۋاستە بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ماددىي ئاساسىنى پۇل ئارقىلىق ياراتقىلى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. چۈنكى، پۇل ماددىي ھاياتنىڭ تۈۋرۈكى ۋە جېنى. بۇ نۇقتىدا ئۇنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ، دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دېيىشكە ھەقلىقمىز. بۇنى ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ كەلگەن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، دۇنيا تارىخىدىكى تالاي قېتىملىق جانلىق، ئالەمشۇمۇل ھەقىقىي پاكىتلار ئەڭ روشەن دەرىجىدە دەلىللىگەن. ئۇ، قانداقتۇر بىزنىڭ كونىچە ماددىي ۋە مەنىۋىيىتىمىزدىكى ئۈستۈنلۈكى ياكى نەزەرىيە جەھەتتىن خاتا ئۇقۇملاشتۇرۇش، خاتا ھۆكۈم، خاتا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئىستېمالدا شۇ پېتى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتىكى رولى، ئارتۇقچىلىقى، نەزەرىيە ياكى مەنىۋىيەتتىكى خاتالىقلارنى تۈپتىن ئىنكار قىلىشتەك ئۈستۈنلۈكى ياكى نەزەرىيە جەھەتتىن خاتا ئۇقۇملاشتۇرۇش، خاتا ھۆكۈم، خاتا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئىستېمالدا شۇ پېتى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتىكى رولى، ئارتۇقچىلىقى، نەزەرىيە ياكى مەنىۋىيەتتىكى خاتالىقلارنى تۈپتىن ئىنكار قىلىشتەك ئۈستۈنلۈكى بىلەن چاقنىدى.

بۇ يەردە بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ بولسىمۇ پۇلنىڭ ئەمەلىيەتتىكى كۈچى بىلەن بىزنىڭ ئىلگىرىكى نەزەرىيەمىزدىكى كۈچىنىڭ پەرقى ۋە سېلىشتۇرمىسى

مەسىلىسى. ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلانغان بۇ مەسىلە پۇلنىڭ ئەمەلىيەتتىكى كۈچىنىڭ نەزەرىيەدىكى كۈچىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، نەزەرىيەدىكى قىسمەن ئۈستۈنلۈكنى ھامان بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى جانلىق دەلىللەپ بەرگەن. تەرەققىي قىلغان ئەللەردە بۇنىڭغا نەچچە يۈز يىل بولدى، ئەمما، بىزدىچۇ؟ بىزدىمۇ بۇنىڭغا ئاللىبۇرۇن جاۋاب بېرىلىپ بولۇنغان بولۇشى مۇمكىن.

ئالايلۇق، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان ئۆتكەن زاماندىكى بايلارنىڭ پۇل تېپىش ۋە پۇلدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئۇسۇل - چارىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان بولساق، ئۇلار پۇلدىن ئىبارەت بۇ ماددىي كۈچتىن خېلى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بىلگەن. ئۇلارنىڭ پۇلدىن پايدىلىنىشنى بىلىشتەك ئىجابىي تەرىپىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بىزمۇ باشقا ئەللەرگە ئوخشاشلا پۇلدىن پايدىلىنىشنى ئىلگىرىدىنلا بىلەتتۇق دېگەن ئۇقۇمنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت، خالاس. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، بىز پۇلغا بىر تەرەپلىمە مۇئامىلە قىلىپ، بۇ خىل ئالاھىدە ماددىي كۈچنىڭ رولىنى تۆۋەن ئورۇنغا قويۇپ كەلدۇق، ئادەملەرنى چىرىتكۈچى، تۇرمۇشنى زەھەرلىگۈچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلدۇق. نەتىجىدە، بايلىقتىن قورقۇپ، ئۆزىمىزنى چەتكە ئالدۇق. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئاشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ، يەنىلا ئاز - تولا پۇلى بار، پۇل خەجلەشنى بىلىدىغان كىشىلەر بىر قەدەر پاراۋان تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ، ياخشى ياشاش ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇ خىل ئەھۋاللار ئەينى يىللاردا سېزىلگەن بولسىمۇ، شۇ چاغدا توغرا ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. شۇڭا، تۇرمۇشنى پاراۋانلاشتۇرۇشنى ھەر قانچە تەكىتلىسەكمۇ پۇلنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلمىدۇق. پۇلنى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش،

مەنىلىك ھايات ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى
كۈچ ۋە تولۇقلىغۇچى ئاساس قىلىشنى بىلمىدۇق. دېڭ
شىياۋپىڭ بۇ نۇقتىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىپ، ھەل
قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، سىياسىي،
ئىقتىسادىي ئىسلاھات داۋامىدا پۇلغا بولغان تونۇش توغرىلاندى.
شۇنىڭ بىلەن، سىياسىينى، مەنىۋى مەدەنىيەتنى، ماددىي
ھاسىلاتلارنى تەڭشەش، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش،
پاراۋان تۇرمۇش يارىتىشتا پۇلدىن ئىبارەت ماددىي ئاساسقا
تايانمىسا بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

## پۇل ھەممىگە «قادىر» ۋە «قادىر ئەمەس»

نۇرغۇن كىشىلەر: ئۇنداقتا پۇلنى شۇ قەدەر
مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولامدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. مەن
بۇنىڭغا قەتئىي تۈردە ياق، دەپ جاۋاب بېرىمەن. چۈنكى،
ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى تەرىپى بولىدۇ،
پۇلنىڭمۇ شۇنداق. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پۇل ھەممىگە قادىر ۋە
قادىر ئەمەس، دېگەن ئىككى ئۇقۇمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئاساسى بار.
پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس، دېگەن ئۇقۇمنى ئالساق، ئۇ
قىسمەن جەھەتتىن ئاساسقا ئىگە. بۇ ئۇقۇمنى لوگىكىدىكى ئۈچ
ھۆكۈملۈكنىڭ مۇناسىۋەتلىك قائىدىلىرىگە تەتبىقلايدىغان
بولساق، پۇل ھەممىگە قادىر دېگەن ھۆكۈمگە ئېرىشىمىز؛ سۆز
مەنىسىدىن ئالغاندىمۇ، پۇلنىڭ پەقەت قىسمەن نەرسىلەرگە قادىر
ئەمەسلىكى، نۇرغۇن نەرسىلەرگە قادىر ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن
چىقىپ تۇرىدۇ، ئالايلۇق، پۇل ئارقىلىق بارلىق ماددىي
نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىسىمۇ، ھاياتلىقتىكى قايتا تۆرىلىش
ۋە مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرۇشنى، تەبىئىي تالانتنى، مېھىر-
مۇھەببەتنى، غۇرۇر-ۋىجدانىنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. مانا
بۇنىڭدىن، پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس دېگەن ئۇقۇم كېلىپ

چىققان. پۇلنىڭ بۇ خىل ئاجىزلىقى ئەينى يىللاردا ئۇنى شۇنداق تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان، شۇنداقلا سەلبىي مۇئامىلىگە ئۇچراشتەك ئاقىۋەتكە دۇچار قىلغان.

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە خەلقىمىز تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ پۇلدىن ئىبارەت ئالماشتۇرۇش ۋاستىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتەك ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇردى. كىشىلەردە پۇلغا بولغان تونۇش يېڭىباشتىن چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تۈيغۇسى كۈچەيدى؛ پۇلغا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش تەدرىجىي ئۆزگەردى. ئەمما، شۇ نەرسە ئېنىقكى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پۇلغا بولغان تونۇشى بىر پۈتۈن ئۆزگەرگىنى يوق. ھازىرقى زاماندىكى پۇل چۈشەنچىسىنى پۇلپەرەسلىك، پۇل ناچار ئىللەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەممىدە پۇلغا قارالسا، جاھان بۇزۇلۇپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، جەمئىيەتتىن نارازى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ پۇلپەرەسلىك بىلەن پۇلنىڭ رولى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا چۈشىنەلمىگەنلىكى ۋە توغرا ھۆكۈم قىلالمىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. شۇنى بىلىش كېرەككى، پۇلدىن پايدىلىنىش بىر گەپ، پۇلغا چوقۇنۇش، پۇلپەرەسلىك، پۇل ئارقىلىق ھەممىنى ھەل قىلىش كۆزقارىشى بولسا يەنە بىر گەپ. پۇل قانداقتۇر ئېسىل خىسلەتنى، ئەخلاقىي پەزىلەتنى چەتكە قاقمايدۇ. ئايرىم كىشىلەر پۇلنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىقمۇ كۆزلىگەن رەزىل مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. بۇ ھال، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چىرىتكۈچى ۋە رەزىللىك پەيدا قىلغۇچى ۋاستە پۇل ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## پۇلنىڭ راھىتىنى سۈرۈشمۇ بايلىق ياراتقانلىق بولىدۇ

پۇل تېگىدىن رەزىللىكنىڭ مەنبەسى ئەمەس. ئۇ

ئىنسانىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن پايدا يەتكۈزىدۇ ۋە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. مەن مۇشۇ كىتابىنىڭ 1 ـ قىسمىدا «ياشاش ـ تىجارەت قىلىش دېمەكتۇر» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كونكرېت ئىزاهات بەردىم. پۇل كىشىلىك تۇرمۇشىمىز بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزغا كەلتۈرىدىغان پايدىسى ۋە زىيىنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ زىيىنىدىن پايدىسى هامان كۆپ. ئۇ پەقەت بىزنىڭ پۇلنى قانداق ئىشلىتىشىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ رولىدىن پايدىلىنىش جايىدا ئىشلىتەلىگەنلىك بولۇپ، بۇ ئالاھىدە ماهىرلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە هازىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پۇلغا بولغان چۈشەنچىسى يېتىلىپ، پۇلدىن پايدىلىنىش ئاڭلىقلىقى ئۆسكەن بولسىمۇ، ئەمەلىي پۇل خەجلەش جەھەتتىكى تەجرىبىسى كەمچىل، جۇرئەتسىز بولغاچقا، پۇلنى كەڭ قوللۇق بىلەن خەجلىسىمۇ، ئۇنۇمىنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ. پۇل خەجلەشنى بىلىدىغانلار 30 يۈەن خەجلەپ زور راهەت سۈرسىمۇ، پۇل خەجلەشنى بىلمىگەنلەر 300 يۈەن خەجلەپ، 30 يۈەنلىك راهەت سۈرەلمەيۋاتىدۇ. يەنە پۇلنى تۇرمۇش ئۈچۈن، ياخشى ياشاش ئىمكانىيىتى يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى بىلمەي، ئەكسىچە، بۇ دۇنياغا پۇل ئۈچۈن تۆرەلگەندەك بارلىقىنى پۇل ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ تولىمۇ ئەخمىقانىلىك، بىچارىلىك خالاس. پۇلدىن پايدىلىنىشنى بىلمىگەن ئادەم تۇرمۇشتىن بەهرە ئالالمايدۇ، هاياتىنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ بەخت يارىتالمايدۇ. پۇل تېپىشتىن مەقسەت پاراۋان تۇرمۇش مۇهىتى يارىتىش ئۈچۈندۇر.

تۇرمۇش مەئىشىتى ئۈچۈن پۇل خەجلەش تولىمۇ ئاقىلانىلىك. بىزدە نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىدۇ ـ يۇ، تاپقان پۇلنى تۇرمۇشقا سەرپ قىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ، يېمەي ـ ئىچمەي پۇل يىغىدۇ. ئەمما، تەرەققىي

قىلغان ئەللەردە پۇل ئالدى بىلەن تۇرمۇش ئۆچۈن يېتەرلىك سەرپ قىلىنىدۇ.

ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم بارغان بىر دوستۇم مېنىڭ يېقىندا ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلگەنلىكىمنى ئۇقۇپ:

— ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلارنىڭ بىرەرسىگە كىرىپ باقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

بۇ سوئال ماڭا سەل غەلىتە تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن راستتىنى دېدىم:

— بىر قېتىم كىردىم.

— ئۈرۈمچى ئاجايىپ ئېسىل شەھەر - ھە؟ ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ تېنى يايرايدۇ. مەن ئىلگىرى ئۆمرۈمدە رېستوران ئاتلىق يەرگە كىرىپ باقمىغان، ئۈرۈمچىگە بېرىپ كىردىم. شۇنداق ھەشەمەتلىك ئىكەنكى، دەسلەپ ئەيمەنگىنىمدىن قايسى يەرگە دەسسەپ مېڭىشىمنى، نەدە ئولتۇرۇشۇمنى ئۇقالماي، گاڭگىراپ قالدىم. قارىسام ئادەملەر مەن بىلەن كارى يوق يۈرۈشىدۇ، مەنمۇ چاندۇرماي شۇلارغا ئوخشاش بولۇۋالدىم. ئاجايىپ ئىش - تە؟! ھېلىقى رېستوران شۇنداق ھەشەمەتلىك ئىكەن، مەن رېستوراندا ئولتۇرۇپ ئويلاندىم: «نەچچە پۇل ئالار؟»، ھە قاچان كىرگىنىم، ئولتۇرغىنىم، ماڭغان - قوپقىنىم، ھەتتا، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن تارتىپ، يېگەن - ئىچكەنلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ھەق ئالار، ئاز دېگەندە تۆت - بەش يۈز كوي كېتەر... ھەي، مەيلىغۇ، ئالسا ئالامدۇ»... مەن ئازغىنە تاماق يەپلا تويۇپ قالدىم. توۋا، ئەجەب ئىش، بىرقانچە تەخسە لەغمەنگە ئاران تويىدىغان ئادەم ئاسانلا تويۇپ قالدىما!؟ مەن پۇلنى كۆپ تۆلەپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ ئالدىراپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم - دە، كۈتكۈچىنى چاقىرىپ نەچچە پۇللۇق بولغانلىقىنى سورىدىم. ئاران ئوتتۇز نەچچە كويلۇق كۈتۈلگىنىمنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم ۋە بىردىنلا روھلىنىپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن رېستوراندىن چىقىپ كېتىشتىن يالتايدىم- دە، بىر ئىستاكان

سوغۇق ئىچىملىك ئەكەلدۇرۇپ ئىچكەچ ئۇزاق ئولتۇرۇپ، ئاشۇ شاھانە ماكاننىڭ پەيزىنى سۈردۇم. شۇ قەدەر پاكىز، گۈزەل، سەلتەنەتلىك، تامىقى ئاجايىپ تەملىك، مۇلازىمەتتى ئىللىق بۇ رېستوران ئۇرۇمچىدىن قايتقۇچە مېنىڭ راھەت ماكانىم بولۇپ قالدى. ھازىر بۇ خىل رېستورانلار قەشقەردىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇنداق يەردە تاماق يېيىش ئادەمگە ھوزۇر بەخش ئېتىپ، كۆڭۈلنى ئاچىدىكەن، روھلاندۇرىدىكەن. بۇنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئويلىنىپ قالدىم، پۇل جايىدا ئىشلىتىلسە پۇل ئىكەن، ئۇنىڭ كۈچىنى رېستوراندا كۆردۈم. ئازغىنە پۇل بىلەن شۇنچە گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدىكەن، بىز ئەسلىدىنلا پۇل خەجلەشنى بىلمەيدىكەنمىز، ئۇمۇ ئادەمنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىغا باغلىق ئىكەن. ئاشۇ رېستورانغا ھەر قېتىم كىرگەندە، قەشقەردىكى بەزى چاپ - چاپ ئاشخانىلار يىراقتىن قارىغاندا خۇددى بىر خىل كۆكۈچ قارامتۇل سىردا سىرلاپ قويغاندەك خۇنۇك كۆرۈنىدۇ، ئىچىگە كىرسە قويۇلغان ئۈسكۈنىلەرمۇ كۆرۈمسىز، ئالاھىدىرەك دېيىلگەن ئايرىم خانىلىرىگە قويۇلغان ئورۇندۇقلار ئەسلىي ھالىتىنى يوقاتقان، قاپلىما رەختلىرى قاسماقلىشىپ كەتكەن؛ سۇپەتسىز لۆجە لەغمەن. ئادەم خەجلىگەن پۇلىغا ئېچىنىپ قالىدۇ. يېگەن تاماق مەيدىدىن ئاسانلىقچە چۈشمەيدۇ، پۇلى ئەرزان دەپ بۇ خىل ئاشخانىلارغا كىرىپ كەتكەن، پۇل تېپىپ، ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئېلىشنى بىلمىگەنلەر يەنىلا ئاشۇ ئاشخانىلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ، تاپقان پۇلنى جايىدا خەجلەشكە ئىمكانىيەت بارلىقىنى، ھېلىقىدەك ئېسىل ئاشخانا، رېستورانلارنىڭ پەيزىنىڭ قانچىلىك ئېسىل بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ...

بىز پۇل خەجلەشتە جىق نادان، پۇلنى دەپ قورساقتا، سالامەتلىكىكە ھىيلە ئىشلىتىمىز. سۈپەتتى ياخشى، تەملىك، مەززىلىك، ئالىي دەرىجىلىك يېمەكلىكلەرنى قوغلىشىمىز - يۇ، ئۇنىڭ قاندىقىنى، قايسى ئۇسۇلدا پىششىقلاپ ئىشلەنگىنىنى،

قايسى شارائىت، قايسى خىل ئەھۋالدا ئىستېمال قىلىشنى بىلمەيمىز؛ ياۋروپالىقلار يېمەكلىك ئىستېمالىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلار تۈرى كۆپ، قۇۋۋىتى يۇقىرى، مىقدارى ئاز يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ، شۇنداقلا يېمەكلىك ئىستېمال قىلىدىغان ئورۇننى بېزەشكە ھەرگىز سەل قارىمايدۇ.

بىزدە پۇتونلەي ئەكسىچە بولۇپ، پۇل تاپقانلار ھە دېسە ياتىدىغان ئۆينى زىلچە - گىلەملەر بىلەن پۇركەيدۇ، ئاشخانىغا قارايدىغان بولساق، مەينەتچىلىك ۋە كۆرۈمسىزلىكتىن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىدۇ. ئاشپەزلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى دېمەيلى قويايلى، ئۇلار پۇل تاپقانسېرى مەينەتلىشىدۇ ياكى ئاچ كۆزلىشىپ، ئاشخانىنى بېزەپ چىرايلىق، كۆركەم قىلاي دېمەيدۇ، سەھىيە تارماقلىرىنىڭ بېسىمى ئېغىرلاشقاندىلا، رېمونت قىلىپ تۈزەپ قويىدۇ، خالاس.

— مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىم بار، — دېدى بىر بۇرادىرىم پۇلنى قانداق خەجلەش توغرىسىدا گەپ بولۇنغان مەلۇم سورۇندا، — ئۇ، پۇل خەجلەشكە ئالاھىدە پەمى بار ئادەم، پۇل خەجلەش ماھىرى دېسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىش ھەققى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، ئەمما ئۇ باشقىلارغا پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇنىڭغا يارىشا پۇلنىمۇ تاپالايدۇ. پۇل خەجلەشكە توغرا كەلگەندە كۆزنىگە قارىمايدۇ، پۇل خەجلەش پەيتىنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن تاللايدۇ، لېكىن پۇل خەجلىمەيدىغان يەردە بىر پۇڭنىمۇ زايە قىلمايدۇ. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، زامانىۋى ئىلىم - پەن ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە تۈرلۈك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى يىلمۇيىل يېڭىلاپ، خىللاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى يۈكىنى يېنىكلەتتى. مېنىڭ ھېلىقى خىزمەتدىشىم بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە بەكلا سەزگۈر، بۈگۈن يېڭى مەھسۇلاتتىن بىرسى بازارغا سېلىنسا دەرھال

سىتىۋالىدۇ ـ دە، ئۆيىدىن ئەسلىدىن بار بولغان، ھازىرقىدىن ئىلغارلىقى سەل تۆۋەن لازىمەتلىكنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئۇنى كونا قاتارغا چىقىرىپ ئېلىشىغا سېتىۋېتىدۇ، بۇ تولىمۇ ياخشى تاللاش، ئەلۋەتتە. ئۇ، پۇلى كۆپلۈكىدىن شۇنداق قىلامدۇ؟ ياق! ئۇنىڭ سېتىۋالغىنى ئۆيىدە ئەسلىدىن بار لازىمەتلىككە قارىغاندا ئىلغار بولغاچقا، ئالدىنقىسىغا قارىغاندا تۇرمۇشنى كۆپ جەھەتتىن قولايلاشتۇرالايدۇ. بۇ قارىماققا پۇل بۇزغاندەك تۇرسىمۇ، ماھىيەتتە تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. ھېلىقى خىزمەتدىشىمنىڭ چىرايىغا قارايدىغان بولسىڭىز، شۇنداق ياش كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يېشى 50 تىن يۇقىرى، ئۆزى دېمەتلىك ئوغۇللىرى، ياتلىق قىلىنغان نەۋرىلىرى بارلىقىغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، ئۇنىڭ روھى شۇنداق ئۇستۇن، كەيپىياتى جۇشقۇن بولۇپ، پۇلدىن ئىبارەت ئالاھىدە تاۋارغا ساغلام بەدەننى، چىراي گۈزەللىكىنى ۋە جانىنى «چېچەكلىتىدىغان» تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى ئالماشتۇرۇۋالىغان. ئۇ، ئىدارىدىمۇ ئوخشاش ئورۇندىكىلەردىن ھېچكىم ئىگە بولالمىغان ئىمتىيازغا ئىگە. بۇنى پۇل خەجلەشنى بىلىشتەك ماھىرلىقىدىن كەلگەن دېسەك خاتالاشمايمىز.

## پۇلنى نۆلگە تەڭ قىلغان «باي»

پۇل شۇنداق نەرسىكى، خەجلەشنى بىلمىگەنلەرگە ئاۋارىچىلىك ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. يۇرتىمىزدا بىر قوشنىمىز بار، ھازىر 90 ياشلارغا كىرىپ قالدى. ئۇ شۇنداق ئىشچان، تىرىشچان بولۇپ، تېنى ساغلام، پۇل ئېلىم ـ بېرىم ۋە سودا ـ سېتىقتا بەكمۇ چىڭ، يىل بويى ئېتىزدىن كىرمەي ئىشلەيدىغان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق جاپاكەش دېھقان. ئاڭلىسام ئۇنىڭ ئاز دېگەندىمۇ 70 ~ 80 مىڭ يۈەن نەق پۇلى بار ئىكەن. ئەمما كىيىۋالغان كىيىمىدىن، تۇتقان ئۆيىدىن نامراتلىق مانا مەن

دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. قازان - چۆمۈچى ئاي - ئايلاپ گۆش دىدارى كۆرمەيدۇ، يېرىلىپ كەتكەن پۇت - قوللىرىنى، ھەمىشە گەز باغلاپ تۇرىدىغان كالپۇكلىرىنى، توپا - تەرەت چىرايىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ 10 مىڭ يۈەنلەپ پۇلى بارلىقىغا زادىلا ئىشەنمەيدۇ. ئۇ دېھقانچىلىق كەسپىدىن يىلىغا نەچچە مىڭ يۈەن پۇل كىرىم قىلىدۇ، ئەمما ئاشۇ پۇللاردىن ئازراق بىر قىسمىنىمۇ خەجلەشكە كۆزى قىيمايدۇ، تېخىمۇ قىزىق يېرى شۇكى، پۇللىرىنى بىرەرسىگىمۇ بەرمەيدۇ، بانكىغا ئامانەتمۇ قويمايدۇ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا كۆمۈپ ساقلايدۇ، بىر چاغلاردا خېلى كۆپ پۇلنى چاشقانغا يەم قىلىپمۇ بۇرنىغا سۇ كىرمىگەن. ئۇنىڭ مەن بىلىدىغان بىرقانچە ھېكايىسى بار: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كىچىكىدىنلا پىخسىق بولغاچقا، 50 - يىللارغىچە نۇرغۇن پۇل توپلىغانىكەن، ئەينى زاماندا ھۆكۈم سۈرگەن ھاكىمىيەت تارقاتقان بۇ قەغەز پۇللار ھاكىمىيەتنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن تەڭلا ئەمەلدىن قاپتۇ. ئۇ، پۇللارنى تۆت - بەش ياستۇققا قاچىلاپ ساقلاپ قويۇپتۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا كەلگەندە، بۇ قەغەز پۇللارنىڭ بىردىنلا بازىرى چىقتى، شۇنچە يىللار مابەينىدە تۇنجۇقۇپ تۇرغان پۇلنىڭ كارغا يارىشى ئاجايىپ ئىش ئىدى. نېمىشقىكىن، ئۇ ھېلىقى پۇللارنى دەسلەپتە ئاشكارىلىمىدى، كۆپ ئۆتمەي بۇنىڭ «بازىرى»مۇ بېسىقىپ قالدى. شۇ چاغدىلا ئۇ پۇللىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ خېرىدار چاقىردى. خېرىدارلار پۇللارنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ - چۆرۈپ، ھەممىسىنى كېرەكسىزگە چىقاردى. نەتىجىدە، بىر مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك قەغەز پۇل مانا مۇشۇنداق تۈگىدى؛ 70 - يىللاردا ھېلىقى قوشنىمىز تارقاقلاشتۇرۇش ئوبيېكتى بولۇپ، كونا ئۆيىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئۇ ماكانىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، نەچچە يىللار ئىلگىرى كۆمۈپ قويغان 400 دانە تىللاسىنى تاپالماي دەرد يۇتۇپ كەتتى. بىرەر يىلدىن كېيىن، كونا ئۆي يولغا پۈتلىنىش سەۋەبىدىن چېقىلدى، تىللا ئۆي چېقىشنى كۆتۈرە ئالغان بىر

ئىشلەمچىگە ئۆچرىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قوشنىمىز خېلى پالاقلاپ، ئەرز قىلغان بولسىمۇ، گۇۋاھچى تېپىلمىغاچقا ئىشلەمچى تەن ئالماي، ئاھ ئۇرۇپ قالدى. ئۇ، نەچچە ئون يىل جان تىكىپ ئىشلەپ تاپقان پۇلنىڭ مېغىزىنى باشقىلار چاقتى. بۇلتۇر ئۇ قېرىلىق يېتىپ ئاغرىپ قالدى، ئاغزىغا سۇ تېمىتىلىۋاتقان چېغىدا ئىككى قىزى دادىسىنىڭ ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، مىراس تالىشىپ چاچ يۇلۇشۇش دەرىجىسىگە يەتتى. قان - قېرىنداشلار ياتلىشىپ بولغاندا «بىتەلەي» دادا ساقىيىپ قالدى، ئۇ ھازىرمۇ پۇل يىغىش كويىدا تىپىرلايدۇ، لېكىن ئاشۇ پۇللارنى خەجلەپ بەھرە ئالاي دەيدىغان خىيالدىن ئەسەرمۇ يوق. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇ پۇل تاپتى، بىراق جايىدا ئىشلىتىشنى بىلمىدى، ئاخىرقى ھېسابتا پۇلنىڭ قىممىتىنى نۆلگە تەڭ قىلىپ قويدى. ئۆزىگە نېسىپ بولغان بايلىقنى ئىشلەتمەي ھاياتىنى بىھۇدە خاراب قىلدى. ئۇغۇ بىر دېھقان، ئەمما مەدەنىيەتلىك قاتلامغا تەۋە بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىزمۇ پۇلغا خۇددى ئاشۇ دېھقانغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولىدۇ. شەھىرىمىزدە ئاشۇنداق زىيالىيلارمۇ خېلى تېپىلىدۇ. ئۇلارنى سۇرۇشتە قىلىپ ئولتۇرمىساقمۇ يۇرۇش - تۇرۇشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىلا بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتى، ھوقۇقى، ئۇنۋانى يۇقىرى، ئىش ھەققى ۋە باشقا تەمىناتلىرىمۇ يېتەرلىك. ئەمما، كىيىۋالغان كىيىمى، مىنىۋالغان ئەبجەق ۋېلىسىپىتى، كۆتۈرۈۋالغان سومكىسىغا قارايدىغان بولساق، مەدەنىيەتتىن، پاراۋان تۇرمۇشتىن ئەسەر يوق، بۇ ھالغا تۇرۇپ ئادەمنىڭ نەپرىتى قوزغىلىدۇ، تۇرۇپ ئىچى ئاغرىيدۇ؛ بۇنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرىنىمۇ نەزەرگە ئالماي بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەھەتچىلىك يىللىرىدا خىزمەتكە قاتناشقان، تېجەشلىك، ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادىتى ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن. ئۇ چاغلاردا ئىش ھەققى تۆۋەن بولغاچقا،

شۇنداق ياشىمايمۇ ئىلاج يوق ئىدى. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنە شۇنداق ياشاشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ئۇلار شۇنچە پۇلنى نېمە ئۈچۈن يىغىدىغاندۇ؟! دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئۇلارنىڭ پۇلنى پەقەت بانكىلا ئامانەتكە جەلپ قىلىپ، ئۇنى يەنە باشقىلارغا قەرز بېرىپ، ئۇنۇملۈك پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

## پۇلنى بۈگۈن ئۈچۈن بۈگۈن، ئەتە ئۈچۈنمۇ بۈگۈن خەجلەش دانالىق

بۇ يىل يازدا، ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىدىغان بىر دوستۇم قەشقەرگە كېلىپ بىر ئاي ئۆپچۆرىسىدە سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ، ئۆيدىن كوچىغا چىقسىلا تاكسىدا ئولتۇرۇپ ماڭدى. مەن بىر تۇرۇپ «ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ ئادىتى شۇنداق ئوخشايدۇ» دەپ قارىدىم. چۈنكى، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى ۋېلىسىپىت، موتوسىكلىت. نۇرغۇن ئىش، نۇرغۇن يولنى ۋېلىسىپىت بىلەن تاماملايمىز. تاكسىغا ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تاكسىدا ئولتۇرۇش ئاز ـ تولا ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، ئومۇملىشىشتىن يىراق ئىدى. مەن پۇرسەتنى كەلتۈرۈپ ھېلىقى دوستۇمدىن سورىدىم:

ـ تاكسىدا ئولتۇرۇشقا ئەجەب ئامراق ئىكەنسىزغۇ؟

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، سالماق تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

ـ جان ئارام ئالىدىغان ئىشقۇ بۇ؟! پۇلنى مۇشۇنداق ئىشلارغا ئىشلەتمەي نېمىگە ئىشلىتىدۇ، مېنى پۇلنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىدىكەن دەيدىغانسىز، مېنىڭ ھەرگىز ئۇنداق قىلغۇم ھەم قىلىۋاتقىنىم يوق، تاكسىدا ئولتۇرغاندىمۇ پۇلنى جايىدا خەجلەش كېرەك، ھە دېسە تاكسىغا پۇل خەجلەش ھاجەتسىز، دېمەكچى بولغىنىمنى مەن بىلەن بىرقانچە ۋاقىت بىللە ماڭسىڭىز بىلەتتىڭىز، ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، تاكسىغا پۇل خەجلەشنىڭ نۇرغۇن

پايدىلىق تەرىپى بار.

مەن كېيىن ھېس قىلدىمكى، تاكسىغا پۇل خەجلەشنىڭ ئارتۇقچىلىقى جاننى مۇھاپىزەت قىلىش بولۇپلا قالماستىن، ۋاقىت جەھەتتىن باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرغىلى، ئۇچۇرنى تېز قوبۇل قىلغىلى، تىجارەتتىكى پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى ۋە بوشلۇقلارنى بالدۇر بايقاپ، دەرھال تۇتۇش قىلىش ئارقىلىق ئۆتۈق قازانغىلى بولىدىكەن.

— پۇل تېپىپ، ئۇنى جايىدا خەجلەشمۇ بىر چوڭ ئامەت ئىكەن، — دېدىم پاراڭ ئارىسىدا ئۇنىڭغا. ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

ئۇنىڭ تاغىسى يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان، يېزىنىڭ ئوتتۇرا تىپتىكى بىر ئۇن زاۋۇتىنى ھۆددىگە ئېلىپ، نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىپ باي بوپتۇ. لېكىن، پۇل خەجلەشكە بەكمۇ پىخسىق ئىكەن. ئاددىيسى ئۇ يېزىدىن شەھەرگە كەلسە، ھەمىشە تونۇشلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قونۇپ كېتىدىكەن ياكى پۇلى ئەرزان، شارائىتى ناچار مېھمانخانىلاردا يېتىپ پۇل تېجەيدىكەن. تىجارەتچى ئاغىنەم بىر قېتىم شۇ تاغىسى بىلەن شەھەرگە كېلىپ، تاغىسىنىڭ دۆلىتى بىلەن بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتۇ، ئەتىسى ئۇلار ئورۇمچىگە ماڭىمىز دەپ خوشلاشقان بولسىمۇ، ماڭالماي يەنە بىر كېچە قونۇشقا توغرا كەپتۇ. تونۇشىنىڭ ئۆيىگە كىرىش ئەپسىز تۇيۇلۇپ، تاغىسى ھېلىقىدەك مېھمانخانىلاردىن بىرىدە ياتماقچى بوپتۇ، لېكىن تىجارەتچى ئاغىنەم قوشۇلماي ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىلاردىن بىرسىگە باشلاپ بېرىپ، 100 نەچچە يۈەنگە بېلەت ئاپتۇ.

تاغىسى قاتتىق كايىپ ئەيىبلەپ كېتىپتۇ. كەچتە ئۇلار ھېلىقى ياتاقتا مۇنچىغا چۈشۈپ ياىراپتۇ. ئەتىسى تاغىسى كارىۋاتتىن قوپماي ياتقۇدەك. سەۋەبىنى سورىسا، ياتاقتىن قاتتىق سۆيۈنگەنلىكىنى، تۆلىگەن پۇلغا مىڭ مەرتە رازى بولغانلىقىنى، بۇ چاغقىچە ئاز - تولا پۇل تېجەشنى كۆزلەپ،

تونۇشلىرىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قورۇنغانلىقىنى، ناچار ياتاقلاردا چۈشىنىڭ ئازابىنى تارتقانلىقىنى، پۇلنى جاننى راھەتلەندۈرىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىشنىڭ لازىملىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن شەھەرگە كەلسە، تاكسىدا ئولتۇرىدىغان، رېستورانلاردا تاماق يەيدىغان، ئالىي دەرىجىلىك ياتاقلاردا ياتىدىغان، راۋرۇس كىيىنىپ يۈرىدىغان بوپتۇ.

بۇ، ئەلۋەتتە ھېكايە ئەمەس، بەلكى رېئاللىق. قەشقەر شەھىرىدە ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىلار ھەمىشە دېگۈدەك بوش قالىدۇ. ئەرزان مېھمانخانىلار يىل بويى بېسىق بولۇپ كېتىدۇ. سەۋەبى، پۇل ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىدىغانلار كۆپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدىغانلار ئاز.

تىجارەتچى دوستۇم ماڭا يەنە مۇنداق دېدى: پۇل جەلپكار نەرسە، ئەمما قىممىتى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ماددىي دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى، شۇنداقلا خەجلەشنى بىلىش - بىلمەسلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. پۇلنى ئۆز ۋاقتىدا ۋە جايىدا خەجلەشنى بىلمىسە، قىممىتى يوقىلىدۇ ياكى تۆۋەنلەيدۇ... مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى، پۇل پاخاللىقى يۈز بەرگەندىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئالايلۇق بىز بۈگۈن 100 يۈەن خەجلەپ ئون قېتىم تاكسىدا ئولتۇرالىشىمىز مۇمكىن، پۇلنىڭ قىممىتى تۆۋەنلىسە بۇنداق بولۇشى ناتايىن. كەلگۈسىدە قانداق بولۇشىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈن ئىشلىتىش، خەجلەش زۆرۈر بولغان پۇلنى بۈگۈن ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىش، ئەتىگە ئاياپ ئولتۇرماسلىق، ھەتتا ئەتە ئۈچۈن بۈگۈن پۇل خەجلەش ئاقىلانىلىك ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈن ئۈچۈن بۈگۈن، ئەتە ئۈچۈن بۈگۈن پۇل خەجلەشنى بىلمىگەن ئادەم پۇل خەجلەشنى بىلمەيدىغان ئادەمدۇر. نوقۇل ھالدا پۇل تېجەش بىلەن بىھۇدە پۇل ئىسراپ قىلىش ئوخشاشلا بىر ئىش. مەسىلەن، مېنىڭ ھازىر

100 مىڭ يۈەن پۇلۇم بولسا، بۇ پۇلغا بۈگۈن بىر دانە ئالىي دەرىجىلىك ماشىنا سېتىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، بۇ پۇلغا ھازىر ماشىنا سېتىۋالماي، يەنە 100 مىڭ يۈەن توپلاپ كېلەر يىلى سېتىۋالىمەن دېسەم، كېلەر يىلى ئۇنداق ماشىنىنى 200 مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغىلى بولۇشى ناتايىن، ئۇنداقتا نەتىجە نۆلگە تەڭ بولىدۇ، شۇڭا مەن كېلەر يىلىنى كۈتمەي دەرھال 100 مىڭ يۈەنگە ئاشۇ ماشىنىنى سېتىۋالسام چوڭ پايدا ئالغان بولىمەن، چۈنكى، مەن ئۇ ماشىنىنى بىر يىل ئىشلىتىپ پەيزىنى سۈرۈۋالىمەن، كېلەر يىلى ئۇ خىل ماشىنا 200 مىڭ يۈەنگە چىقسا، دەرھال ساتسام، ھېچبولمىغاندا 100 مىڭ يۈەنگە يارىشى مۇمكىن، دېمەك، بىر يىل ئىشلىتىۋالغىنىم پايدا دېگەن گەپ. پۇلنىڭ قىممىتى دەل مۇشۇنداق يەردە بولىدۇ.

تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، پۇل توغرۇلۇق نۇرغۇن ئاجايىپ، قىزىقارلىق، جەلپكار، ھەتتا ئېچىنارلىق مىساللار بار. ئەمما، پۇلنىڭ سىرى تەلتۆكۈس ئېچىلغىنى يوق. پۇلنى خەجلەش ۋە قانداق تېپىش توغرىسىدىمۇ تېخى بىرەر ئادەم ئەڭ مۇكەممەل، ئەتراپلىق ئۆلچەم، ئۇسۇل كۆرسىتىپ بەرگىنىمۇ يوق. ئۆز تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دېيەلەيمىزكى، پۇلنى خەجلەشكە ماھىر بولغاندىلا، پۇلنى تاپقىلى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك بەھرە ئالغىلى بولىدۇ.

# پارچە پۇل ماجىراسى

## مۇقەددىمە

– پۇل سۆيۈملۈك، ياخشى نەرسىمۇ، يىرگىنىچلىك يامان نەرسىمۇ؟

بۇ، بىر تونۇشۇمنىڭ سوئالى ئىدى. قايسىدۇر بىر كۈنى يەنە بىر تونۇشۇم مەندىن مۇنداق سوئال سورىدى:

– سىز پۇل مېنى خاراب قىلدى، پۇل مېنى ۋەيران قىلدى، مەڭگۈ شۇنداق قىلىدۇ، دېيەلەمسىز؟

مەن ئۇنىڭ سوئالىغا ئۇدۇللا جاۋاب بەرگەندىن كۆرە، مۇنداق بىرقانچە ئىشنى دەپ بېرىشنى مۇۋاپىق تاپتىم. چۈنكى، مەن دەپ بەرگەن بۇ ئىشلاردىن بۇ تونۇشۇم يېتەرلىك ھەم قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

## نومۇر ئېلىش ئورنىدىكى چوكان

مەن بىر چوكاننى تونۇيمەن، ئۇنى مەنلا ئەمەس، سىزمۇ چوقۇم تونۇيسىز.

ئەلۋەتتە، ئۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەل چوكانمۇ ئەمەس، ئەمما ئۇچىسىنى ھەمىشە پاسونلۇق كىيىملەر ۋە ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەر ئوراپ تۇرىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ سالاپىتىنى ئاشۇرىدىغاندۇ. ئۇنى سالاپەتلىك كۆرسىتىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك نەرسە ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەر بولۇپ، كۆز چاقنىتىدىغان بۇ بۇيۇملار بەدەنلىرىنىڭ كۆزگە تاشلىنىدىغان يەرلىرىدىلا ئورۇن

ئالغان، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەيمەنمىسىمۇ، تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى ئاشۇ نەرسىلەردىن، بولۇپمۇ ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلىرىدىن كۆزى ئالاچەكمەن بولماي قالمايدۇ. ساددا كىشىلەر ئۇچۇن ئالغاندا، ئاشۇ تاشقى سالاپەت سەل چاغلاشقا بولمايدىغان، ئەيمەنمەسلىككە، كۆزگە ئىلماسلىققا بولماسلىقنىڭ بەلگىسى.

ئۇ، مەلۇم بىر دوختۇرخانىنىڭ نومۇر سېتىش ئورنىدا ئىشلەيدۇ، مەيلى سەھەردە بارايلى ياكى چۈش، كەچتە بارايلى، ئاشۇ جايدا مىختەك ئولتۇرۇپ نومۇر ساتىدۇ. ئۇ تولا چاغلاردا كىشىلەرگە قوپال تېگىپ، پوك - پوك گەپ قىلىدۇ، گويا ئالدىراشچىلىق ئىچىدە قالغاندەك بىر خىل جىددىي تەلەپپۇزدا سوئال سوراپ، كېسەل تارىخى يازىدىغان دەپتەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى، قايسى بۆلۈمگە، قانداق دەرىجىلىك دوختۇرغا كۆرۈنىدىغانلىقىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكى ۋە ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى بىر - بىرلەپ ئېنىقلايدۇ ۋە كېسەل تارىخى دەپتىرىنىڭ ئۈستىگە ئىمىر - چىمىر خەتلەرنى يازىدىغان ئىشنى بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ئورۇنداپ بولىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق قوپال بولسىمۇ، چىرايىدىن يەنە بىر خىل مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق چىگىش روھىي ھالەتنى ئەستايىدىل كۆزىتىدىغان بولساق، بىر تۇرۇپ ساختىدەك، يەنە بىر تۇرۇپ راستتەك تۇيۇلىدۇ.

ئۇ ئىشلەيدىغان دوختۇرخانىغا كىرگەن ھەرقانداق ھاجەتمەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارماي دوختۇرغا كۆرۈنەلمەيدۇ. ئۇ بەرگەن ئالىقانچىلىك دەپتەر، بىر پۇڭ پۇلنىڭ چوڭلۇقىدىكى بىر - ئىككى پارچە قەغەز بىمارلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىش ئىجازەتنامىسى بولۇپ، بۇنىڭسىز كېسەل كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنى تونۇيدىغانلار شۇنداق كۆپ، ئۇنىڭ ئاشۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىغا 10 – 11 يىل ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق بولغاندۇ بەلكىم. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتتى، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئاز دېگەندىمۇ مىڭ قېتىم بارغاندىمەن، بۇ

ئاشۇرۇۋەتكىنىم ئەمەس. مىنىڭ يېزا - قىشلاقلاردىن تۇغقانلىرىم، تونۇشلىرىم، بۇرادەرلىرىم ھەمىشە كېلىپ تۇرىدۇ ۋە كېسىلىنى دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ داۋالىتىپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنىدۇ. مەن بەزى ھاللاردا بىر كۈندە بىرنەچچە قېتىم، بەزىدە ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم دوختۇرخانىغا بارىمەن، پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈشىلا ماڭا بەش قولدەك ئايان، ئۇنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىگە گۇمانىي نەزەردە قارايمەن. مۇنداقچە ئېيتسام، ئۇنىڭ ئادىل - ئادىل ئەمەسلىكىگە گۇمان بىلەن قارايمەن. چۈنكى، مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا بارسام، ھامان تەڭلىگەن پۇلۇمغا قاراپ:

— پارچە پۇل يوقمىكەن؟ — دەيدۇ.

مەن كۆپ ھاللاردا، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان:

— قانچە پۇل بولسا بولاتتى؟ — دېگەن سوئال خاراكتېرلىك جاۋابنى بېرىمەن. بۇ، ئىككى خىل ئېھتىماللىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىرى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دوختۇرخانىنىڭ نومۇر ئېلىش پۇلىمۇ بازار ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تاۋارغا ئايلاندى. بۈگۈن يۇرگۇزۇلگەن باھا ئەتە يوق، شۇڭا مەن كۆپ ھاللاردا بىر يۈەن ياكى ئىككى يۈەنلىك پۇللارنى نومۇر پۇلى ئۈچۈن تەڭلەيمەن، بۇنداق قىلغاندا، ھەم «كەملەيدۇ» دېگەن دوقتىن ساقلانغىلى، ھەم ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى ئازايتقىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، تەڭلىگەن پۇلۇم ئاز بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ ياكى مەندە پارچە پۇل بولغان ئەھۋالدا، ئۇ ئۆزىدىكى پۈتۈن پۇل بىلەن ئالماشتۇرۇپ، باشقىلارغا قولايلىق تۇغدۇرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالىمەن.

لېكىن، ھېلىقى «سۈرلۈك» چوكان مەندىن ھېلىقى سوئالنى سوراپ قويۇپلا، جاۋابىم بىلەن كارى بولمايلا، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. گاھىدا: «پارچە پۇل بار ئىكەن، قانچىلىك بولسا بولاتتى» دەپ قالسام، خۇشياقار - ياقماس تەلەپپۇزدا: «ھە، بولدى مەندىمۇ بار ئىكەن» دەپ قويىدۇ. قىزىق يېرى، مەندە

پارچەپۇل بولمىغاندا، ئۇنىڭدىمۇ پارچەپۇل يوق بولۇپ چىقىدۇ-دە:

— سىلىگە بىر يۈەن ئىككى مو قايتۇرسام بولاتتى، بىر كويلىرىنى ئېلىپ تۇرسىلا، ئىككى موچەن پارچە پۇل يوق ئىكەن، سەل تۇرۇپ پارچە پۇل چۈشكەندە ئېلىپ كەتسىلە، بولمىسا پۇللىرىنى بېرەي پارچىلاپ كېلەمدىلا - يا؟ — دەيدۇ، مەن ئىككى مونى دەپ پۇل پارچىلىغىلى چىقىپ ۋاقتىمنى ئۆتكۈزەمدىمەن ياكى پارچە پۇل چۈشكۈچە ئۇنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرامدىمەن؟! ياق، شۇڭا مەن:

— بولدى خانىم، — دەپ كېتىپ قالىمەن. ئۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. دوختۇرخانىمۇ نومۇر پۇلىنى پارچە - پۇرات ئۆستۈردى، كۆپ ھاللاردا ساپلا پارچە سان بولىدۇ. ئىلگىرى سىنتلاپ پارچە بولسىمۇ، باھا تۇراقلىق، نومۇر ساتقۇچىلار ئادىل ئىدى، يېشى چوڭراق كىشىلەرنىڭ ئېسىدە باركى، خېلى يىللار ئىلگىرى نومۇر پۇلى بەش پۇڭ ئىدى. كېيىن ئون پۇڭ، 15، 20، 25... 70، 80، 90 پۇڭ بولدى، ئۇ يەنىلا شۇنداق ئۆزگىرىپ مېڭىشى مۇمكىن؛ لېكىن نومۇر ئالىدىغانلار 25 پۇڭ ئۈچۈن ھەمىشە 30 پۇڭ؛ 50 پۇڭ، 70، 80، 90 پۇڭ ئۈچۈن بىر يۈەن ياكى ئىككى يۈەن تەڭلەيدۇ. تولا چاغلاردا 30 پۇڭغا بەش پۇڭ، 80، 90 پۇڭغا بىر - ئىككى موچەن قايتۇرمايدۇ، 50 پۇڭ، 70 پۇڭلارغا قىسمەن ھاللاردا قايتۇرۇشى مۇمكىن، بۇمۇ نومۇر ساتقۇچىنىڭ قايتۇرۇش رايىنىڭ بار - يوقلۇقى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرگە كۆرۈنىدىغان كېسەللەرنىڭ نومۇر پۇلى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەلۋەتتە ئىلگىرى ئۇنداق ئىش يوق ئىدى. دوختۇرخانا «مۇتەخەسسىس دوختۇر» دېگەن تۈردىن بىرنى كۆپەيتتى. كېسەلنىڭ نامى بار مۇتەخەسسىسلەرگە كۆرۈنمەي كۆڭلى ئۇنامدۇ؟ بۇنداق ئالاھىدە دوختۇرلارغا كۆرۈنىدىغانلارنىڭ نومۇر پۇلىمۇ دەرىجە ئاتلاپ ئۆسۈپ، دەسلەپكى بىر يۈەندىن بىر يۈەن بەش موغا، ئاندىن بىر يۈەن سەككىز موغا

چىقتى. ئەپسۇسكى، نومۇر ساتقۇچى ھېلىقى چوكان بۇنىڭغا كەلگەندە سەل ئېھتىيات قىلسىمۇ، پۇل ياندۇرىدىغان چاغدا ئادەمگە قاراپ ئىش بېجىرەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم بىر يۈەن 20 پۇڭ ئۈچۈن بەرگەن ئىككى يۈەنگە 50 پۇڭ قايتۇرۇپ بەردى. نومۇر پۇلى ئۆسۈپ، بىر يۈەن سەككىز موغا چىققاندا، ئىككى يۈەن تەڭلىگەنلەرگە پۇل ياندۇرۇپ بەرمەيدىغان بولدى. ئۇ بەلكىم، باشقىلارغىمۇ شۇنداق قىلسا كېرەك ياكى ئاشقان ئازغىنە پۇلنى ياندۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا ھېلىقىدەك چىرايلىق گەپنى ياندۇرۇپ بەرسە كېرەك.

يېقىنقى كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن يەنە دوختۇرخانىغا كىردىم ۋە بىرسىنى ساقلاپ، نومۇر ئېلىش ئورنىنىڭ يان تەرىپىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. بىكارچىلىقتا ھېلىقى نومۇر ساتقۇچىنىڭ تۈرلۈك - تۈرلۈك گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ، ئىشلىرىغا نەزىرىم ئاغدۇرۇلۇپ قالدى. بىلدىمكى، نومۇر ساتقۇچى پۇل ياندۇرۇشتا يالغۇز ماڭىلا باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ قالماي، ھەممىلا ئادەمگە ئاشۇنداق گەپنى قىلىدىكەن. ئۇزاقتىن بۇيان، مەن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا بۈگۈنكىدەك زەن سېلىپ باقمىغاچقا، بۇنى ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن. ئۇ پۈتۈن پۇل تەڭلىگەن ھەر بىر ئادەمگە تۈتى قۇشتەك: «پارچە پۇل يوقمىدى، مەندىمۇ يوق ئىكەن، سەل تۇرۇپ كەلسىلە، بولمىسا پۇللىرىنى پارچىلاپ كېلەملا - يە» دەيدىكەن؛ مەن ئادەم ساقلاپ ئولتۇرغان قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئۇ پارچە پۇل ياندۇرۇپ بېرەلمەي نۇرغۇن خېرىدارلارغا قەرز بولۇپ قالدى. مەن ئىچىمدە، بۇ چوكان بۇ قەرزلەرنى قانداق قايتۇرار، پۇلى قالغانلارنىڭ قايسى بىرىنى ئېسىدە تۇتۇپ بولار، كىمنىڭ كۆپ، كىمنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەر؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. بىراق، خېلىغىچە قاراپ تۇرسام، ھېچكىممۇ «قالغان پۇلۇمنى بەرسىلە خانىم» دەپ كېلىپ باقمىدى. پەقەت بىرنەچچە ئادەمنىڭ غوت - غوت قىلغىنى، ھېلىقى چوكاندىن نارازى بولۇپ شىكايەت

ياغدۇرۇۋاتقىنى قۇلىقىمغا كىردى.

— تازىمۇ بىر ئىنسابسىز چوكانكىنا بۇ؟ — دېدى بىرەيلەن سەل كايىپ، — پارچە پۇل يوق دەپ سەككىز موچەننى ئېلىپ قالدى. پۇل پارچىلاپ كەلسىلە دەيدۇ، نەدە پارچىلايمەن، پۇل پارچىلايمەن دەپ بازارغا چىقىپ، ئاندىن نومۇر ئالسام بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتىدۇ، نومۇرنى ئېلىپ دوختۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغۇچە ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولىدۇ، ئۇ چاغدا ھەر قانداق كۆڭۈلچەك دوختۇر بولسىمۇ تەكشۈرۈشكە خۇشياقامدۇ، ئەتراپلىق، ياخشى تەكشۈرەمدۇ؟! سەككىز موچەنغۇ تويغۇلۇق ئەمەس، لېكىن بىلىپ تۇرۇپ گەپ قىلماي دېسەم، كىم سەككىز پۇڭنى بىكارغا بېرىدۇ؟ ھېلى پۇلۇمنى بەرسىلە دەپ كەلگىلى بولامدۇ، ئازغىنە بىر نېمىگە ئادەمنىڭ يۈزى ئۇۋۇتىدىكەن، ھەممىشە پارچە پۇلنى كۆتۈرۈپ يۈرگىلى تېخى بولمايدىكەن، ھەي، ھاجەتمەن بولۇپ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، بىچارە كۆرۈپ بوزەك ئېتىدۇ - دە! شۇ بىر زامانلاردا بۇنداق خېنىملار بىر پۇڭنى ئۇيان - بۇيان قىلالمايتتى، پارچە پۇللارنى بانكىدىن تېگىشىپ تەخلەپ قويۇپ ئىش بېجىرەتتى. ھازىر بۇنداق ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا، مۇشۇنداق ئورۇندا ئىشلەيدىغان چوكانلار بۇنى بىر خىل تاپاۋەت قىلىدىغان يوچۇققا ئايلاندۇرۇۋالدى. مەندەك گول ئادەمدىن بىر كۈندە ئون - يىگىرمىسى ئالدىغا كەلسە ئۇلاردىن تەخمىنەن ئون «گالۋاڭ»نىڭ سەككىز موچەندىن پۇلى قالسا، توپتوغرا سەككىز يۈەن بىكارچىلا قالدى دېگەن گەپ. ئويلاپ بېقىڭلار، ھەر كۈنى ئاشۇنداق كىرىم بولۇۋەرسە، بىر ئايدا قانچە، بىر يىلدا قانچە، ئون يىلدا قانچە بولىدۇ؟ پارچە پۇل دەپ كۆزگە ئىلمىغان بىلەن تامار - تامار كۆل بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم، راست، ئۇ كىشىنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. شۇ ئارىلىقتا، ساقلاۋاتقان بۇرادىرىم كەلدى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئۇدۇللا نومۇر

ئېلىش كۆزىنىكىنىڭ ئالدىغا باردىم. نومۇر ساتىدىغان ھېلىقى چوكان ماڭا قارىدى، كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر خىل ئوت چاقنىغاندەك بولدى. توۋا، ئۇ مېنىڭ پۇتۇن پۇل تەڭلىشىمنى ئۈمىد قىلىۋاتامدىغاندۇ ياكى پارچە پۇلمۇ؟! بۇ ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. كۆزلىرىم ئۇنىڭ بويۇن ۋە قۇلاقلىرىدىكى ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ساپسېرىق زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىغا چۈشتى. شۇ تاپتا ئۇ نەرسىلەر ماڭا سانسىز پارچە پۇلدەك كۆرۈنۈپ كەتتى...

## پۇل تۇغىدىغان پارچە پۇل

ھەر يىلى قۇربان ھېيت كەلسە، كۆپچىلىك خىزمەتداشلىرىمغا ئوخشاش، ئائىلىمىز بويىچە يۇرتىمىزغا بېرىپ، ئاتا - ئانا ۋە تۇغقانلار بىلەن خۇشال - خورام ئويناپمىز، بۇ خىل ئادەتنى خىزمەتكە چىققان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتىمىز.

بۇ يىلمۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەم ئالىدىغان ۋاقتىمىزمۇ كەڭتاشا بولدى. ھېيتلىق ئارام ئېلىش بىلەن يىلدا بېرىلىدىغان ئون نەچچە كۈن ئارام ئېلىش ۋاقتىنى بىرلەشتۈرۈپ، خاتىرجەم ئوينىدۇق ۋە پەتىلىدۇق.

بىر كۈنى، بىر نەۋرە تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە پەتىگە باردۇق، ھەر يىلى ھېيت ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن يۇرتقا بارساقلا چاقىرىمىسىمۇ پەتە قىلاتتۇق. بۇ يىل ۋاقتىمىز كۆپرەك بولغاچقا، كېيىنرەك بېرىشقا توغرا كەلدى. پەتىدىن كېيىن ئۇنىڭ قوشنىسى، مېنىڭ مەكتەپدىشىم XX نىڭ ئۆيىگە كىردۇق، ئۇنىڭ خېلىلا قول ئىلكىدە بار ئىدى. ئۆيلىرىمۇ چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوت چاقناپ تۇراتتى. مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يېڭىدىن سېلىنغان بىر يورۇش ئۆيگە كۆزۈم چۈشتى، ئۇ ئۆي بەكلا ياسىداق ئىدى. مەكتەپدىشىم ئاددىي

خىزمەتچى بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش ئىشچان، كېلىشىملىك ئادەم بولغاچقا، بۇ ئىمارەتكە ئۆتچىۋالا ئەجەبلىنىپ كەتمىدىم، سىنچايدىن كېيىن يېڭى ئۆي سېلىۋالغانلىقىنى ئاغزاكى مۇبارەكلەپ قويدۇم، ئۇ سۆيۈندى ۋە بۇ ئۆيلەرنى ئىنىسىنىڭ سالغانلىقىنى ئېيتتى، مەن تۇرۇپلا ئەجەبلەندىم. ئۇنىڭ ئىنىسى يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى كەلسەم ئۇ بىر موتوسىكلىتنى مىنىپ، يېزىنى بېشىغا كىيگەنىكەن. مانا ئەمدى شۇنداق پۇزۇر ئۆي سېلىۋاپتۇ. بىز يېڭىدىن سېلىنغان بۇ ئۆينى قىزىقىپ كۆردۇق، ھەرقايسى خانىلارنىڭ بېزىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ، تاملاردىكى نەقىشلەر، مۇشۇ كۈنلەردە مودا بولۇۋاتقان ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى ۋە تۇرلۇك ئۆي جاھازلىرى، ئوتقاشتەك گىلەملەر مېنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى ھەم ھەيرانلىقتا چۆمدۈردى؛ كەسپىي خاراكتېرىم بۇنداق تېز بېيىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئۈندەيتتى.

— ئۆينى تازا كېلىشتۈرۈپ ياساپسىلەر، قانچە پۇل كەتتى؟ — دېدىم مەن قىزىقسىنىپ.

— ئاز كەم 80 مىڭ يۈەن كەتتى.

— ھەممىنى ئاتا ـ ئاناڭلار چىقاردىمۇ ياكى ئىنىڭىزمۇ ئاز ـ تولا چىقاردىمۇ؟

— ئاساسلىق پۇلنى ئىنىم ئۆز يېنىدىن چىقاردى، بىزمۇ قاراپ تۇرمىدۇق.

— خېلى ئىش قىپتۇ ئىنىڭىز!... بۇنچە پۇلنى قەرز ئالدىمۇ ياكى ئۆزى تاپقانمۇ؟

— بىر پۇڭمۇ قەرز ئالمىدى، پۇل تېپىشتا ئۇ بىزدىن نەچچە ھەسسە يامان چىقتى.

بىز خوشلاشتۇق، نەۋرە تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ سورىدىم:

— بۇلارنىڭ كىچىك ئوغلى خىزمەتكە چىققىلى تېخى ئەمدى

بىر يىل بولدى - بولمىدى، شۇنچە پۇل تېپىپ، موتوسىكلىت ئاپتۇ، ئۆي ساپتۇ، توي قىلىۋاپتۇ، ئۇنىڭ تاپاۋىتىدە بىرەر سىر بارمۇ - قانداق؟

— ئۇنىڭ ئىشى بەك ئوڭ، ياز - كۈز دېمەي دېھقانلارغا پۇل تارقىتىدۇ، — دېدى تۇغقىنىمىز، — پۇل دېگەن بەك شىرنىسى بار نەرسىكەن، ھەپىلەشكەن ئادەمگە شىرنىسى يۇقماي قالمايدىكەن، مەنغۇ ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن، بۇ بالا دېھقانلارغا پۇل تارقىتىپلا تۇرسا، ئۆزىچىلا نۇرغۇن پۇل ھايىنىغا قالىدىكەن، ئۇلارنىڭ پونكىتى ئەتىيازدا دېھقانچىلىق ئۈچۈن دەپ، يازدا يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن دەپ نۇرغۇن قەرز پۇل تارقىتىدۇ، كۈزدە بۇ بالا ئىككى قېتىمدا تارقاتقان قەرز پۇللارنى يىغىۋالىدۇ ھەم كېۋەز ساتقان دېھقانلارغا پاختا زاۋۇتىدا ئولتۇرۇپ پۇل بېرىدۇ، ئۇ يەنە كېۋەز ئېلىپ - سېتىپمۇ نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ، كېۋەز ساتقىلى كەلگەن نۇرغۇن دېھقانلار پاختا زاۋۇتىدا نۆۋەت ساقلاپ زېرىكىپ دەرۋازا ئالدىدىلا ھايانكەشلەرگە ساتىدۇ، ھايانكەشلەر ئۈچىنچى دەرىجىگە ئالىدىغان كېۋەزنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئىككىنچى دەرىجىگە ئۆتكۈزىدۇ - دە، دەرىجە پەرقىدىن پايدىلىنىپ پايدا ئالىدۇ، بۇ بالا ھەم زاۋۇت ئىچىدە پۇل تارقىتىدۇ، ھەم ئاشۇنداق كېۋەزنى ئېلىپ زاۋۇتقا ئۆتكۈزىدۇ، پۇلنى مانا مۇشۇنداق قىلىپ تاپىدۇ.

مەن كۆڭلۈمدە تۇغۇلغان بىرقانچە سوئالنى سورىسام، تۇغقىنىمىز ئېنىق جاۋاب بېرەلمىدى، مەكتەپدىشىمنىڭ ئۆزىدىن سوراش نادانلىق ۋە ئەدەپسىزلىك بولاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ پۇل تېپىش سىرى مېنىڭ قەلبىمدە بىر تۈگۈن بولۇپ قالدى.

بىز تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ، يېقىن بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۇمۇ مالىيە بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىناتتى، كەسپىي خىزمىتىمۇ شۇ بولۇپ، تولا چاغلاردا پۇل بىلەن ھەپىلىشەتتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۇل تېپىشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى، ئۇ قانداقلا قىلسۇن، پۇل تاپالايتتى ھەم پۇلنى

سۇدەك خەجلەيتتى، ئەمما خوتۇنى بىلەن ئانچە ئەپ ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا پۇل جوداسى ئەمەس، خوتۇنىنىڭ كۇندەشلىك جوداسى سەۋەب بولغان بولۇپ، خوتۇنى ئۇنىڭدىن نەچچە قېتىم ئاجرىشىپ، نەچچە قېتىم ياراشقانلىقىنى بىلەتتىم. ھېيتلاپ كېلىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى خوتۇنىنى يەنە قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمدى ئاڭلايمەنكى، ئۇ خوتۇنىنى قۇربان ھېيتقا ئۇلگۇرتۇپ ئۆيىگە ئېلىپ چىقىۋاپتۇ. خوتۇنىمۇ يېزىنىڭ مالىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. مېنىڭ بۇنداق پىششىق بىلىشىمدىكى سەۋەب، نەۋرە ئاچامنىڭ ھېلىقى قوشنىسىنىڭ كىچىك ئوغلى بىلەن بىر ئورۇندا ئىشلەيدىغانلىقىدىن ئىدى. ئۇلار بىر مەكتەپتە ئوقۇغانىدى، دوستۇم بۇ خوتۇن بىلەن ھېلىقىدەك ئۆتىدىغان بولغاچقا، تۇتقان ئۆيىنىڭ مەسلىھەتى يوق، تۇرمۇشىمۇ تازا پاراۋان ئەمەس ئىدى. بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردۇق، مەن بىردىنلا ھەيران قالدىم، ھېلىقىدەك بىسەرەمجان ئائىلىدىن ئەسەر يوق، ئۆي زامانغا لايىق ياسىلىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ سۆيۈندۇم ۋە ھېسسىياتىمنى زادىلا يوشۇرالماي ئويلىغانلىرىمنى ئېيتتىم. دوستۇم ھەممىسىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى:

— ئۆي تۇتىمەن دەپ تارتىپ كەتكەن دەرد - ئازابلار ئاز ئەمەس، — دېدى ئۇ ماڭا، — ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، بىلىم ئاشۇرىمەن دەپ، ئىككى يىلدا 20 ~ 30 مىڭ يۇەننىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇۋەتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت - بەش مىڭ يۇەنگە قەرز بوپتىمەن. مەكتەپتىن كېلىپ قارىسام، پۇل تاپىدىغان يەرنىڭ ھېچبىر ئورنى يوق، خوتۇنىمۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىكەن، كەلگىنىمنى ئاڭلاپ ئىزدەپ كەلدى ۋە مېنى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ كەتسىڭىز، بىر بالىمىز بار ئىكەن، ئۆي تۇتۇپ قالايلى، — دېدى، قارىسام، بۇ گەپنىڭ ئاساسى بار، لېكىن گەپنىڭ راستىنى دېدىم:

— سېنى ئېلىپ چىقىپ كەتكۇدەك پۇلۇم يوق، ئاز - تولا

پۇل تاپاي، ئاندىن بىر گەپ بولار.
ئۇ دەرھال:
– پۇل مانا مەندە بار، – دېدى.
– نەچچە پۇلۇڭ بار؟
– 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.
ماڭا بۇ گەپ تازا ياقتى، خوتۇننى ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن ئۆيگە ئەكىرىۋالدىم، ئاندىن ئاشقان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى قەرزىمگە بەردىم، بىر قىسمىغا ئۆينى ياسىدۇق، يەنە بىر قىسمىنى پۇل تاپىدىغانغا دەسمىي قىلدىم، ھەي، خۇي دېگەن ئۆزگەرمەيدىغان نەرسىكەن، خوتۇن ئىككى قېتىم يامانلاپ، بىر قېتىم ئاجرىشىپ بولدى. نېمە ئامال دەيسەن؟ ھەر ھالدا ھازىر ئەھۋالىم ياخشى.
– خوتۇن بىلەن يارىشىپ قالغىنىڭ بەك ياخشى ئىش بوپتۇ، لېكىن پۇل توغرىسىدىكى ئىشلىرىڭ سەل ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق؟!
– خەق نېمە دېسە مەيلى، لېكىن مەن بۇنى لاۋزىلىق ياكى بىچارىلىكتىن بولغان ئىش دەپ قارىمايمەن، تۇرمۇش دېگەن شۇ. سەن شۇنداق قىلمىساڭ تۇرمۇش مەجبۇرلايدۇ ياكى خاراب قىلىدۇ. ئاداش، ھازىرقى زاماندا پۇل بولمىسا بولمايدىكەن، پۇلى يوقنىڭ جېنى يوق، نېمىدېگەن بىلەن ھەممىگە پۇل لازىم بولىدىكەن، قارا، پۇل بولمىسا، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلمەيسەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟! ئىشلەتسەم ئۆز خوتۇنۇمنىڭ پۇلىنى ئىشلەتتىم، پۇلى بولغىنى ئۈچۈن خوتۇننى ئېلىپ چىقتىم دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ، بەلكىم يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنىڭ پۇلى ئۇنى ئېلىپ چىقىشىمغا، ئۆي تۇتۇپ قېلىشىمغا ۋاستىمۇ بولغاندۇ. يەنە نېمە دەي، سەن قانداق چۈشەنسەڭ مەيلى، باشقىلارمۇ ئاز گەپ تاپمىدى، لېكىن كىم پايدا ئالدى؟ ئىت قاۋايدۇ، هايان قەلەندەرنىڭ! شۇنداق جاھان بۇ!؟
– نېمانچە قاينايسەن؟ مەن راستىنلا سېنى خاتا چۈشىنىپ قالغاندەك قىلىمەن... لېكىن مەن بەك ھەيران، بەزىلەر پۇلنى

شۇنچە كۆپ تاپالايدۇ، بەزىلەردە ئۇنداق كوزىر يوق، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئاشۇنداق كۆپ پۇل تاپقان، كۆپ پۇلى بارلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم، بىزگە ئوخشاش خىزمەتچى، ئەپسۇسكى، ئۇلاردىن پەرقىمىز يوق تۇرۇپ، بىز شۇ پۇلنى نېمىشقا تاپالايمىز؟ پۇلىمىز يوق ياكى بولسىمۇ ئاران - ئاران تۇرمۇشىمىزنى قامدايمىز، - دېدىم مەن ئۇنىڭغا، - مەسىلەن، مەن ۋە مېنىڭ ئائىلەمگە ئوخشاش! شۇنداقمۇ غەلىتىلىك باركى، نەدىكى ئادەملەرگە خۇدا بېرىدۇ، توۋا دەيمەن، ئالايلۇق، سېنىڭ خوتۇنۇڭ پۇل تاپالايدۇ، قانداق تاپىدىغىنىنى بىلەمسەن؟ ئىش ھەققى بەك يۇقىرىمۇ ياكى ئاتا - ئانىسى قۇرۇمساق بايمۇ؟

- بۇنى سوراپ قالدىڭ، - دېدى ئۇ، - سەندىن يوشۇرۇشقا ئامالسىزمەن. خوتۇنۇمنىڭ ئىش ھەققى چاغلىق، ئاتا - ئانىسىمۇ ئاران - ئاران جان باقىدۇ، ئىش ھەققى بىلەن بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ھەم بىرنەچچە جاننى بېقىپ، ھەم بىرنەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى توپلاپ بولغىلى بولمايدۇ، خۇدا «كەمبەغەلكەنسەن» دەپ تاشلاپمۇ بەرمەيدۇ، پۇل تېپىشتا شارائىتقا، پۇرسەتكە، يوچۇققا قاراپ يول تۇتسا نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ، بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى ھەر كىم ئۆزىگە باب كېلىدىغان شارائىتنى تاللىشى كېرەك، شارائىت ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلىش پۇل تېپىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى ھېسابلىنىدۇ. سەن ھېسابات ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولمىغانلىقتىن بۇنى بىلمەيسەن. ھېسابات، پۇل تېپىش دېگەن كارامەت بىر سەھنە! قارىساڭ سىرلىق، جىمجىت، ھەرقانچە چوڭقۇرلىساڭ، تېگىگە يېتىپ بولالمايسەن، يېشىمەن دەپ يېشىپ بولالمايسەن، لېكىن قانۇنىيەتنى بىلىۋالساڭ، ئىش باشقىچە بولىدۇ، پۇل ئۆزلۈكىدىن قولۇڭغا كېلىدۇ. مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ پۇل تېپىش يولى بەك ئاددىي، ئۇ ھەر يىلى كۈزدە پاختا زاۋۇتىغا كىرىپ، بىر - ئىككى ئاي دېھقانلار ساتقان پاختىنى پۇل تارقىتىدۇ، ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 100 مىڭ، 150 مىڭ يۈەن پۇل قولىدىن ئۆتىدۇ، مانا مۇشۇ پۇل،

ئۇنىڭغا پۇل تۇغۇپ بېرىدۇ، يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ پۇل تۇغۇپ بېرىدۇ، چۈنكى ئاشۇنداق پۇل تارقىتىدىغانلاردىن يەنە بىر قانچىسى بار، سېنىڭ ھېلىقى تۇغقىنىڭنىڭ قوشنىسىنىڭ كىچىك ئوغلىمۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا پۇل تارقىتىدۇ؛ ئۇ سالغان ئۆيلەرنى كۆرگەنسەن؟ بۇ ئۆيلەر مانا شۇ پۇل تۇغقان پۇلدىن پۈتكەن. پۇل قانداق پۇل تۇغىدۇ، دېيىشىڭ مۇمكىن. بۇنىڭغا جاۋاب بەك ئاددىي. سەن بىلىسەن، دېھقان دېگەن كارامەت ساددا، كەڭ قورساق، ياۋاش كېلىدىكەن. تۇرۇپ ئۇلارغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ. ئۇلار پاختا زاۋۇتىغا ئېلىپ كەلگەن پاختىنى ساتالماي ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئولتۇرۇپ زېرىكىدۇ، كۈن قايرىلغاندا بىر ئاماللارنى قىلىپ پىرىيومچىلارنى پاختىلىرىنىڭ قېشىغا باشلاپ كېلىدۇ ۋە قولىغا خەت ئېلىپ ھاپىلا - شاپىلا ساتىدۇ. پۇلنى ئېلىشقا ئالدىرايدۇ، پۇل بېرىدىغان ئورۇندا ھەرقانداق دېھقانغا پارچە پۇل بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ساتقان پاختىسى پۈتۈن پۇلغا دەل توغرىلانمايدۇ، پۇل تارقىتىدىغانلار بانكىدىن پارچە پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماي ساپلا پۈتۈن پۇل ئېلىپ چىقىدۇ، ئۇلار بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسىنى بەك بىلىدۇ. پاختا ساتقان دېھقانغا پارچە پۇل بېرىشكە توغرا كەلگەندە «سىزگە يەنە مانچە مو، مانچە پۇڭ بەرسەم بولاتتى، لېكىن پارچە پۇل يوق بولۇپ قالدى، پارچىلاپ كېلىپ ئالامسىز ياكى پارچە پۇل چۈشكەندە ئالامسىز» دەيدۇ. بۇمۇ تېخى خوشى تۇتۇپ قالسا دەيدىغان گېپى، بولمىسا، كارى يوق: ھېلىقى بىچارە دېھقان بولسا، «ۋاي، بولدى» دەپ پۇلنى ۋاقتىدا ئالغانغا خۇش بولۇپ كېتىدۇ. دېھقانلارمۇ بۇنداق پارچە پۇلنى بەرمەۋەرگەندىن كېيىن گەپ قىلماسلىققا كۆنۈپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ پارچە پۇل تارقاتقۇچىدا قېلىۋېرىدۇ، ئۇ جۇغلىنىپ - جۇغلىنىپ، بىرمۇنچە ئاخچىغا ئايلىنىدۇ، مەسىلەن، بىر كۈندە مەلۇم كاسسىر 100 مىڭ يۈەن تارقاتتى دېسەك، ئوتتۇرا

ھېساب بىلەن بىر يۈەندىن بىر پۇڭدىن قالسا 1000 يۈەن، ئىككى پۇڭدىن قالسا 2000 يۈەن قالىدۇ دېگەن گەپ، ئۇ بىر ئاي پۇل تارقاتسا، پۇڭ ـ سىنتلار جۇغلىنىپ قانچە پۇل بولار؟! بۇ ئاز گەپ ئەمەس، ھېلىقىدەك ھەشەمەتلىك ئۆي، ماشىنا ئەسقاتقاندەك پۇللار ئاشۇنداق پارچە پۇللارنىڭ كارامىتىدىن ھاسىل بولغان، كۆزگە ئىلمىغان پارچە پۇللار ئەمەلىيەتتە پۇلنىڭ غوجا ئاكىسى جۇمۇ!

دوستۇمنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمدىكى تۈگۈنلەر يېشىلگەندەك بولدى. ھەي «پارچە پۇل!» ئەجەب كارامىتىڭ بار ئىكەن، ئەپسۇسكى، بۇنى زور كۆپچىلىك كىشىلەر بىلمەيدۇ ـ دە!

## ئىشلەمچىدىن تىلەمچى باي

مەن دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ ياتقان مەزگىلدە ھەر كۈنى بىرنەچچە تىلەمچى سەدىقە تىلەپ كىرەتتى، ئۇلار بىز بەرگەن سەدىقىلەرنىڭ بەدىلىگە گۇناھلىرىمىزنى تىلەپ، پۇتكۈل ئاغرىق ـ ئازابلىرىمىزنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىدىغاندەك دۇئا قىلاتتى، ئۇلار يادقا ئېلىۋالغان چىرايلىق سۆزلەر، يەنە كېلىپ ھەرقانداق ئادەم ئاڭلىسا دىلى سىمابتەك ئېرىپ كېتىدىغان گەپلەر بىمارلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ تېتىكلەشتۈرەتتى. تىلەمچىلەرنىڭ مۇلايىم ـ بىچارىلىكى، نامراتلىقىغا مانامەن ئىسپات دېگەندەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جۇل ـ جۇل كىيىم ـ كېچەكلىرى ئادەمدە بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى قوزغايتتى؛ مەينەت، بەتبەشىرە تۇرقى ئېچىرقاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى ئادەمنى سەسكەندۈرەتتى؛ ئۇلار كۆرۈنۈشتە بىچارە، ئەمەلىيەتتە بولسا ياۋۇز، مەككار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھېلىقى يالغان ـ ياۋىداق گەپ ـ سۆزلىرى، تەلەپ ـ ئىلتىجالىرى، ساددا، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ئاسانلا ئالداپ

قوياتتى. ئەمما، ئۇلارنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر بولسا ئاسانلىقچە ئىشەنمەيتتى، ساختىلىقى ئېنىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ «بىچارە»لەرنىڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئۇلار سەدىقە بەرگۈچىلەردىن ئاز بەرسىمۇ پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. ئاش - نان، مېۋە - چېۋە، ھەتتا قەنت - گېزەكلەرنىمۇ ئالغىلى ئۇنىمايتتى. پەقەت ئايرىلىرىلا ئىلاجسىز، خۇشىياقماي، نارازى بولۇپ تۇرۇپ ئالاتتى... شۇڭا، بىمارلار ئىچىدىكى ۋىجدانى قايناپدىغان كىشىلەر بىچارىلىكنى ئۆزىگە نىقاب قىلىپ، ساختىپەزلىكنى يوشۇرۇۋالغان ئاشۇ تىلەمچىلەردىن بىر قانچىسىغا تەربىيە - نەسىھەت قىلدى. تىلەمچىلەرنىڭ بەزىلىرى قايىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەل قىلمىدى، بىر قىسىملىرى بولسا دەرھال قارشى چىقتى، ھەتتا ئەپسانە تىللار بىلەن قورقۇتۇپ تىللاپ، جېدەل قوزغاشقا ئۇرۇندى. ئۇنداقلارنىڭ خورىكىنىڭ يوغانلىقىنى كۆرۈپ، پوپوزىسىنى ئاڭلايدىغان بولسىڭىز، ھەيران - ھەس قالغان بولاتتىڭىز، مەن شۇنداق ھېسسىياتقا كەلدىمكى، ئىنسان تائىپەسىنىڭ تىلەمچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدىم. ئۇ خىل كىشىلەرنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلاندى، ئۇلار ياسالما بىچارىلەر ئىكەن. چۈنكى، ئۇنداق چاغدا ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدىكى باشتىكى بىچارىلىكى يوق بولاتتى، مۆلايىملىقىنىڭ ئورنىنى بىردىنلا ئاتىكارچىلىق ئىگىلەيتتى... ئەيىۋەنناس دېگۈدەك بىر ئىش روي بېرەتتى، نەق مەيداندا ھازىر كىشىلەر «تولۇمدىن توقماق چىققاندەك» ھالەتنى كۆرەتتى.

بارا - بارا تىلەمچىلەرنىڭ بۇ خىل ماھىيىتىنى چۈشەنگەن بىر مۇنچە كىشىلەر تەكرار - تەكرار كىرىپ تىلەيدىغان ئاشۇ تىلەمچىلەرگە ئۆچ بولۇپ كەتتى. ھەتتا قوغلاپ چىقىرىدىغان ھالەتكە يەتتى. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنايدۇ دەمسىز! چۈنكى ئۇلار نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ يەرگە ئۆز ئۆيىدەك كىرىپ - چىقىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن. بۇ يەر ئۇلارغا ھەر كۈنى مېھنەتسىز

ئاش - ئوزۇق بېرىدىغان «تۆمۈر تاۋاق» قا ئوخشاپ قالغان، شۇڭا سۇر - توقاي قىلىشلارمۇ ئانچە كار قىلمايدۇ، ئۇلار بۇنى ئېغىر ئېلىپمۇ كەتمەيدۇ. بەزى دوختۇرلار ئېيتقاندەك، ئۇلار ھەتتا بۇ يەرنىڭ ئىگىلىرى، غوجايىنلىرى! شۇڭا، ئۆزلىرىگە ياخشى نىيەتتە نەسىھەت قىلغۇچى ۋە تەنبىھ بەرگۈچىلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئاچچىقى كەلسە پىر - ئۇستازلىرىنىڭ نامى بىلەن بالا - قازا چىللاپ قارغايدۇ. بەزىلىرى تېخى مۇشت كۆتۈرۈپ، بىمارلارنى ئۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىشىدۇ، «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەن شۇ - دە!

بۇ خىل تىلەمچىلەر يالغۇز دوختۇرخانىدىلا «تاپاۋەت» قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئۇلار كوچا، بېكەت ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بار بولۇپ، نومۇسچان كىشىلەرنى بەكلا بىلىدۇ، بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇل بىللە مېڭىپ قالدىمۇ، بولدى، ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىپ ئالدىغا بارىدۇ، بىرسى بەرسىمۇ قانائەت قىلماي ھەر ئىككىسىدىن ئېلىشنى قولغا كەلتۈرىدۇ، تېخى بەرمىسە مازاق قىلىپ يامان سۆزلەر بىلەن تىللاپ يەرمۇ يەر قىلىۋېتىدۇ؛ ھازىر بۇ يەردە «سەدىقە» بەرگۈچى بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر يەردە ئاشۇ تىلەمچىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئىزاھات بەرسە زەربە يەيدۇ. ھالبۇكى، تىلەمچىنى ئۇرغىلى، تىللىغىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولۇپ قالدىمۇ، كىشىلەر يەنە تىلەمچىنى ئاقلايدۇ. دېمەك، ئۇ قول ئۇزارتقانىكەن، بەرمەي قۇتۇلۇش تەس. ئەلۋەتتە، كېسەللەر بىلەن ساقلارنىڭ ھېسسىياتىدا نۇرغۇن پەرق بار. كېسەللەرنىڭ خىيالىدا شۇنداق بىر خىل مۇرەككەپ تۇيغۇ باركى، دوختۇرخانىدا ياتقانلارنىڭ ھەممىسى نىجاتلىققا ۋە ئاسايىشلىققا ئىگە بولۇشقا تەشنا. شۇڭا، تىلەمچىلەرنىڭ دىلنى يورۇتىدىغان سۆزلىرى ئۇلارنى سۆيۈندۈرۈپ، تەن سالامەتلىك باغچىسىدا سەيلە قىلدۇرماي قالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار تىلەمچىدىن نېمىسىنى ئايىسۇن! ئەمما سىرتتىكىلەرنىڭ ھېس تۇيغۇسى

بۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەجبۇرىي بېرىدۇ؛ بەزىلىرى نومۇس قىلىپ ياكى «ساۋاب» تېپىش مۇددىئاسىدا بېرىدۇ.

هازىرقى تىلەمچىلەرنىڭ خۇيىنى ۋە پائالىيەت ئەھۋالىنى بىر «ئىسلاھات» دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئەينى يىللاردا ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىپ، نان،ئاشلىق، كىيىم - كېچەك يىغىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى، تاپقانلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇراتتى.ئۇلارنىڭ يەنە بىر بۆلىكى دوقمۇش - دوقمۇشتا ئولتۇرۇپ تىلەيتتى، مانا هازىر بۇ ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ئۇلار ئۆي ئارىلاپ يۈرمەيدۇ، نان، ئاشلىق، ئەسكى كىيىم - كېچەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئاۋارە بولمايدۇ، دوختۇرخانىدا، بېكەتلەردە ۋە كوچىدا «نەق پۇل» بار بولغاچقا، ئاۋۋالقىدەك جاپا تارتمايمۇ ھەر كۈنى نەچچە ئون يۈەنگە ئېرىشىدۇ.

بىر كۈنى قوشنا ياتاقتا كېسەل بېقىۋاتقان كىشىلەر «هاجىم» دەپ چاقىرىدىغان، تەقۋادار بىر كىشى بوي - بەستى قاۋۇل، تېمەن هەم ياش تىلەمچىگە تەربىيە - نەسىھەت قىلدى:

— هەي بالام، سەن بەكلا ساغلام ئىكەنسەن، بۇنداق تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلساڭ راۋا بولمايدۇ، - دېدى ئۇ، — ئەپسۇس، بۇ يامان يولغا كىرىپ  قاپسەن، تىلىسەڭمۇ تىلە، لېكىن سەندە ئىنساب، دىيانەت، شەرىئەت قىبلىنامىسى بولسۇن، تىلەمچىلىك پەقەت جاننى ساقلاشقا چارىسىز قالغاندا قىلىنىدىغان بىر ئىش، ئۇنى پۇل، مال توپلاشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش ئېغىر گۇناھ بولىدۇ. تىلىگەن نەرسەڭ پەقەت بىر ياكى بىرقانچە كۈنگە يەتسە كۇپايە، تىلىمەي جان باقالىغۇدەك بولغاندىكىن، ئۇنى تاشلىماق ۋاجىپتۇر. تىلەپ تاپقان ھەر قانداق هاجىتىڭدىن ئارتۇق دەپىنە - دۇنيا هارام. سېنىڭ جىسمانىيىتىڭ بەك ساغلام ئىكەن، ساغلام تۇرۇپ، هالال ئىش - ئەمگەك بىلەن جان باقالىغۇدەك ئىمكانىيىتىڭ تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلساڭ، تاپقان - تەرگىنىڭ هارامغا تەۋە بولىدۇ. مەن دەيمەن، بالام، بۇ يولدىن

يان، باشقا ئىش قىلىن، ئىشلەپ تاپقان پۇل بەرىكەتلىك بولىدۇ، ئەل ئالدىدا يۈزۈڭ يورۇق، ئىناۋىتىڭ چوڭ بولىدۇ، سىلەردەك باللارغا بەك ئېچىنىمەن، قارا، بالام سىلەر يامان ئىللەتكە كۆنۈپ قاپسىلەر، شۇنداق بىجىرىم تۇرۇپ تىلەيسىلەر، نەزىرىڭلار ئۈستۈن، پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلىسىلەر، تىلىگەندە تېخى ئاش - نان بەرسە ياراتمايسىلەر، ھەتتا ئالغىلى ئۇنىمايسىلەر، تېگىدىن ئالغاندا ھەممىسى پۇلغا كېلىدۇ، دېمەك، سىلەرنىڭ قورسىقىڭلار ئاچ - يالىڭاچ قالغان ئىش يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە دەپ تىلەيسىلەر، تىلەمچىلىك قىلىشقا نېمە ھەددىڭلار!...

— قويە ئۇنداق قۇرۇق گېپىڭنى، ۋەي ئاكا، ماڭا تەلىم بېرىمەن دېگۈچە نېنىڭنى يە! — تىلەمچى ناھايىتىمۇ قوپال تەگدى.

ئۇ ۋارقىراپ - جارقىراپ كارىدورنى بېشىغا كىيدى، بىر قىسىم كىشىلەر توستى، دوختۇرلارمۇ ئارىلاشتى، بىراق، ئۇ گەپ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھېلىقى مويسىپىت كىشى گەپ قىلىپ تاشلىغانغا بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويدى، بىز بىرقانچەيلەن ۋە دوختۇرخانىنىڭ قوغداش خادىملىرى تىلەمچىنى ئاران چىقىرىۋەتتۇق. لېكىن، ئۇ ھەر كۈنى دوختۇرخانىغا يەنە بىمالال كىرىپ، ھېلىقى نەسىھەتگۈي ھاجى كىشى بىلەن جېدەل قىلماقچىدەك قەستەن سۈركىلىپ تۇردى، ئۇ ھامان پۇرسەت تېپىپ ئاشۇ ھاجىمنى بىر نېمە قىلىپ قويىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. ئۇنىڭ ھەركىتى باشقىلارنىمۇ جىلە قىلىپ، غەزىپىنى قوزغىدى. «بۇ خىل خولىگىرلىكنى قىلالىغان تىلەمچىنىڭ چوقۇم بىر چوڭ ئىشەنچىسى بار» دەپ ئويلىدىم مەن، بۇ خىيالىمنى بىلگەندەك ياتاقدىشىم مۇنداق دېدى:

— ئاڭلىسام، بۇ تىلەمچىنىڭ پۇلى كۆپمىش، ئۇنى ئاشۇ پۇل نوچى قىلىۋاتقان گەپ، بولمىسا، تەربىيە قىلغان ئادەمگە گەدەنكەشلىك، زورلۇق قىلالامتى؟ بۇ ھەم دۆتلۈك،

ئەخلاقسىزلىقنىڭ، ھەم تەكەببۇر، ئاتىكارچىلىقنىڭ ئىپادىسى. ئۇ دۆت بولغىنى ئۈچۈن تىلەمچىلىكنى تاللاپ، ئار - نومۇسنى ئۇنتۇپ، ئەخلاقتىن چەتنەپ كەتكەن؛ تەكەببۇر بولغىنى ئۈچۈن پۇلنى تەڭداشسىز نەرسىگە ئوخشىتىپ، مۇتتەھەم، خولىگىرگە ئايلانغان. ئۇلارنىڭ روھى ئۆلگەن، غۇرۇرى تۈگىگەن بولۇپ، غەپلەت قەلبىنى نابۇت قىلغان. مەۋقە، نىشان، ۋىجدان دېگەنلەر ئۇلارنى مەڭگۈلۈك تاشلاپ كەتكەن. ھايات ئەقىدىسىدىن ئايرىلغان بۇنداق ئادەملەردىن نېمە كۈتۈش مۇمكىن!... بۇنداقلاردىن ئاشۇنداق ئەبگارلىق، ئىپلاسلىق چىقىدۇكى، نىجاتلىق، ياخشىلىققا تەۋە نەرسىدىن سۆز ئېچىش نادانلىق بولىدۇ، خالاس. ئادەمدە ئىنسانغا خاس روھ بولمايدىكەن، ۋۇجۇدىنى ھۇرۇنلۇق، مەھكۇملۇق ئىگىلەيدۇ. مەۋقە بولمايدىكەن، ئىشەنچ، جاسارەتكە ئورۇن تەگمەيدۇ، ئاخىردا ئاشۇنداق ئىپلاسلىققا پېتىپ، كېرەكسىز مەخلۇققا ئايلىنىدۇ، ھازىر بىزدە جان بېقىش، ھارام پۇل تېپىش يولىغا كىرىۋالغان تىلەمچىلەر كۆپ، ئۇلار ئارىسىدا كاتتا بايلارمۇ بار. مەن بىر قېتىم خىزمەت بىلەن XX ناھىيەنىڭ بىر يېزىسىغا باردىم. يولدا ماشىنىدىن كاشىلا چىقىپ چۆلدە قالدۇق. كەچ كىردى، يېقىن ئەتراپتا مەھەللە كۆرۈنمەيتتى. بىز ئۈچ ئادەم بىرەر كىلومېتىرچە يول يۈرۈپ جاڭگال ئارىسىدىكى بىر كۆجۈم مەھەللىگە يېتىپ باردۇق، بۇ يەردە بىرقانچە ئائىلە بار ئىكەن؛ قارىساق ئۆيلەر بىرسىدىن - بىرسى ئېسىل، بىرسىدىن - بىرسى كاتتا، ھەيران قالدۇق. بىزنى بىر ئائىلىلىك قىزغىن كۈتۈۋالدى، مەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قىزىقىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇلار تىلەمچىلەر ئىكەن، تىلەمچىلىك توغرىسىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى... مەن «تىلەمچىلىكمۇ بىر سەنئەت، كارامەت زور بايلىق يارىتىدىغان كەسىپ ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇلار ئىلگىرى ئۇلاغ تىرانسپورتى بىلەن يول يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلغانىكەن، ھازىر ئاپتوموبىل - تىراكتور

بىلەن يول يۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. كۆپ چاغلاردا، بىرقانچە ئون ئادەم بىر ئاپتوموبىل ياكى تىراكتور بىلەن يولغا چىقىپ، كېچىسى مەلۇم يۇرتقا بارىدىكەن ـ دە، چەت ـ جاڭگال، ئادەم بارمايدىغان يەرگە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى چۇشۇرۇپ ماكانلىشىدىكەن، ئاندىن كۈندۈزى جۇل ـ جۇل، جەندە كىيىملىرىنى كىيىپ، مەھەللىمۇ مەھەللە بۆلۈنۈپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن، كەچتە ھېلىقى يەرگە جەم بولىدىكەن....

بىرقانچە يىلدىن بۇيان، بىزدە تىلەمچىلەر كۆپىيىپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ باغرى يۇمشاقلىشىپ كەتتىمۇ ـ قانداق، ئۇلار تىلىسىلا پۇل بېرىدۇ، ھەتتا خېلى ـ خېلى نەرسىلەرنىمۇ ئايىمايدۇ. يۈزەكى نۇقتىدىن بۇ كىشىلىرىمىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچانلىقىنى كۆرسەتسىمۇ، ماھىيەتتە ئۆز قېرىنداشلىرىنى نابۇت قىلغانلىقىدۇر. بۇ يەردە بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئاتۇشقا بېرىپ، گەز مال بازىرى ئاغزىدىكى دوقمۇشتا ئەنجۇر يەۋاتساق، بىر تىلەمچى كەلدى. ئەنجۇر سېتىۋاتقانلاردىن بىرەيلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى، نەدىن ئىكەنلىكىنى، نېمە سەۋەبتىن تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى... بىر ـ بىرلەپ سورىدى. تىلەمچىنىڭ گەپلىرى تازا يېتەرلىك جاۋاب بولالمايتتى، شۇڭا سورىغۇچى دەرھال رەددىيە بېرىپ: «سەن ئۆزۈڭنى ئاتۇشلۇق دەپ بىزنىڭ شەنىمىزگە داغ كەلتۈردۈڭ، ئاتۇشتا تىلەمچى يوق..» دېگەندەك گەپلەر بىلەن تىللاپ، گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ، ھېچ نەرسە بەرمەي قوغلىۋەتتى. تىلەمچى، دېۋانىلەرنى ھەممە ئادەم شۇنداق بىر خىل روھ بىلەن قوغلاشقا جۈرئەت قىلسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟!

تىلەمچىلەر جەمئىيەتنىڭ چۈپرەندە، ئەڭ نومۇسسىز قاتلىمى بولۇپ، تەييارغا ھەييار تولۇم چاشقانلاردۇر. ئۇلار يۇرتمۇ يۇرت يۇرۇپ پەسكەش قىلىقلارنى تارقىتىدۇ. بىرقانچىسى بىر يەرگە جەم بولسا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدۇ، قىمار ئوينايدۇ، پاھىشىۋازلىق، دەللاللىق قىلىدۇ؛ بەزىلىرى تىلەمچىلىك

قىلىپ بېرىپ، ئايرىم ئۆيلەردىكى ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوغرىلىق قىلغان ۋە كىچىك نارەسىدە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارمۇ بار... شۇنداق، ئۇلار ئاجايىپ نەيرەڭلەرنى ئويلاپ تاپىدۇ، نۇرغۇن ئانىلار، باللارنى تىلەمچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىنى كۆپەيتىدۇ. ئالايلۇق، قەشقەر شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا توكۇر، كۆزى كۆرمەس، دومچەك بولۇۋالغان، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار پۇل بەرمىسە پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ ماڭغۇزمايدىغان باللار بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. ئۇلار يازدا بىرەر ئەزايىنى «ناكا» قىلىپ، ھېسداشلىق قوزغاپ پۇل تاپسا، قىشتا كىيىم - كېچەكلەرنى يېلىڭ قىلىۋېلىپ پۇل تاپىدۇ. باغرى يۇمشاق، كۆز ئالدىنىلا كۆرىدىغان نادان كىشىلىرىمىز ئۇلارنىڭ نالە - پەريادلىرىدىن ئېرىپ، يانچۇقلىرىنى كولايدۇ - دە، قولىغا قانچىلىك پارچە پۇل چىقسا سېخىيلىق بىلەن بېرىپ «ساۋاب» تاپىدۇ. ئۇنىڭ ساۋابى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. ئۇلارغا تېگىشلىك تەربىيە - نەسىھەت قىلىپ، توغرا يولغا سېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

ئەمما پۇل بېرىشكە تېگىشلىك، بەرسە ئەرزىيدىغان دىۋانىلارمۇ بار. مەن ئالدىدىن ئۆتسەملا ھەممىشە پۇل بېرىدىغان بىر «دىۋانە» بار. ئۇ ھەقىقىي مېيىپ، شۇڭا ئىچ ئاغرىتىمەن، چىن قەلبىمدىن پۇل سەدىقە قىلىمەن. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك قەشقەر شەھىرىنىڭ كوچىسىدا بار، ئاساسەن ھېيتگاھ جامەسى بىلەن يامۇل ئالدىدىكى كۆكتات بازىرى ئارىلىقىدا «تاپاۋەت» قىلىدۇ. 50 ياشلاردىن ئاشقان ئورۇق، ئورا كۆز، يۈزى ئۇزۇنچاق بۇ ئادەمنىڭ ئىككى پۇتى پالەچ (يىغىلىپ قالغان)، كاسىسى بىلەن ئىككى پۇتىنىڭ ئالقانلىرى بىر تەكشىلىك ئۈستىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بېشى ئىككى تىزى ئارىلىقىدا قىسىلىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ؛ تىزىنىڭ ئۈستى قورساقتا، ئاستى ئارقا تەرىپىگە چاپلىشىپ قالغاچقا، قوللىرىغا تايىنىپ ئۆمىلەپ

دېگۈدەك ماڭىدۇ، گاھىدا قوللىرىغا ئەسكى - تۈسكى سولياۋ ياكى قەغەز پارچىسىنى يۆگىۋالىدۇ؛ گاھىدا ياغاچتىن ياسالغان ئىككى دانە يۆلەنچۈككە تايىنىپ يول يۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ بەدەن كۆرۈنۈشى ۋە روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەش بىجىرىم ئادەملەر ئۈچۈن شۇنداق ئازابلىق! ئاشۇنداق مۇشەققەتلىك، ئېچىنارلىق ياشاشقا يارالغان بولغىيمىدى؟

مېنىڭچە ئۇ تىلەمچى ئەمەس، مەن ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىرەر ئادەمگە قول تەڭلەپ بىر نەرسە تەلەپ قىلغىنىنى كۆرمىدىم، پەقەت ناھايىتى بىچارە، ئازابلىق، مۇڭلۇق تۇرقى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدۇ، يەر تېگىدىن شۇنداق قارايدىغان بولسا، ئادەمنىڭ قەلبى شۇررىدە ئېرىپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ كۆزى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان زىمىستان قىشنىڭ تۈن قاراڭغۇسىدىكى جىن چىراغتەك پىلدىرلايدۇ. مانا مۇشۇ ھالەت سازايى قىلىپ، قول تەڭلەشتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ھېسداشلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى قوزغايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، كىشىلەر ئۇنىڭغا پۇل بەرمەي ئۆتمەيدۇ. ئۇ، سەدىقە پۇلنى دەرھال يانچۇقىغا سالىدۇ، باشقا تىلەمچىلەرگە ئوخشاش، چۈشكەن پۇلنى ئالدىغا دۆۋىلەپ باشقىلار بەردى، سەنمۇ بەر دېگەندەك، كۆز - كۆز قىلمايدۇ. مېنىڭچە بۇنداق قىلىشىنىڭ تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن:

(1) ئوغرىلارنىڭ پۇلنى ئېلىپ قېچىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن. چۈنكى، ئۇ ئورنىدىن تۇرالمىغاچقا، ئوغرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا قوزغىلالمايدۇ؛ (2) پۇلغا ھەددىدىن زىيادە ئامراق بولسا كېرەك، چۈنكى، ئاچ كۆز كىشىلەر پۇلنى يوشۇرىدۇ؛ (3) سەدىقە بەرگۈچىلەرنى ئالداش ئويىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئالدىدا پۇل بولمىسا، كىشىلەرنىڭ دەرھال ھېسداشلىقى قوزغىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا باشقا تىلەمچىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئورۇن ئىگىلەپ ئولتۇرۇپ، دۆۋە - دۆۋە پۇل يىغىۋالىدۇ.

مەن ئۇنى كۆرگەن ھامان قولۇم يانچۇققا كىرىپ بولىدۇ،

قانچىلىك پارچە پۇل بولسا ئايىماي بېرىپ ئۆتىمەن. تېخى پۇل بەرگىنىمنى ئاز دەپ، قورىبىتىم يەتسە داۋالىتىپ ئۇنى جىسمانىي مۇشكۇلچىلىكتىن قۇتۇلدۇرغۇم، بارلىق ئازابلاردىن ئادا - جۇدا قىلىپ، پاراۋان ھايات راھىتىدىن بەھرە ئالدۇرغۇم كېلىدۇ. ئەمما، ئۇ مېنىڭ تولىمۇ ساددا كۆز قارىشىم، خالاس.

بۇ خىل قاراش ۋە ئېزگۈ خىيال كۆڭلۈمدە بىر تۇگۈن بولۇپ قالدى، دوختۇرخانىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى جېدەل - ماجىرادىن كېيىن، كېسەللەر تىلەمچى - دىۋانىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە، تالاش - تارتىش قىلىدۇق. مۇھىمى، سەدىقىنى كىمگە، قانداق بېرىش، دىۋانىلەر قانداق ئەھۋالدا تىلىسە دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدا قاراشلىرىمىز ئاساسەن بىر يەردىن چىقتى. مەن مىسال قىلىپ ھېلىقى مېيىپ ئادەمنى تىلغا ئالدىم ۋە ئۇنىڭغا سەدىقە بەرسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. بىراق، ياتاقدىشىم دەرھال ئېتىراز بىلدۈردى:

— ئۇنىڭغا بېرىشىمۇ تازا دۇرۇس ئەمەس، — دېدى ئۇ، — چۈنكى ئۇ تىلىسە راۋا بولىدىغان ھالەتتىن ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ھازىر 40 مىڭ يۈەن نەق پۇلى بار.

— نېمە؟ ئۇنداق ئەمەستۇ!؟

— راست، مەن تولۇق بىلىمەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق، ئۆيى شەھەر ئەتراپىدا، كېرەككە كەلگەن تۆت ئوغلى بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى باي، لېكىن بۇ ئادەم تىلىمىسە ئۇنىمايدۇ، ئوغۇللىرى ئۇنىڭ تىلەمچىلىك قىلىشىنى، شەھەرگە كىرىشىنى توسسىمۇ ئۇنىمايدۇ، قارغاپ - تىللاپ شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالىدۇ. ئوغۇللىرى نومۇس قىلىپ، گاھىدا ئۆيگە سولاپ قويۇپ باقىدۇ. بۇ ئادەم ئوغۇللىرىغا شۇنداق ئۆچ بولغاچقا، تاپقان پۇللىرىنى ئۇلارغا بەرمەيدۇ، كۇنلۇكى تىلەپ تاپقان پۇللارنى ئوردا ئالدىدىكى بىر يەككە تىجارەتچىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆيىگە كېتىدۇ. ئۆتكەندە بىرسى ھېلىقى تىجارەتچى بىلەن سۆزلىشىپ، ھېلىقى تىلەمچى كىشىنىڭ 38 مىڭ يۈەن نەق پۇلى

بارلىقىنى ئۇقۇپتۇ. مەن دەسلەپتە ئىشەنمەيتتىم، لېكىن ئۇنىڭ بىر موچەن دەسمىي سالماي، ھەر كۈنى كىرىملا قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھەقىقەتەن شۇنچە كۆپ پۇلى بارلىقىغا ئىشەندىم. مەنمۇ بىكارچىلىقتا ھېلىقى تىلەمچىنىڭ ئىشلىرىنى كۆزەتكەن ۋە پارچە پۇلنى پۇتۇنلەپ «خەزىنىچى» تىجارەتچىگە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىرقانچە قېتىم كۆرگەنىدىم.

— مەنمۇ ئىلگىرى تىلەمچىلەرنىڭ ئىشلىرى ۋە توپلىغان پۇللىرى ھەققىدە نۇرغۇن پاراڭلارنى ئاڭلىغان. ئەمما، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ دەپتىكەنمەن. دەرۋەقە، كۈنلۈكى نەچچە ئون، نەچچە يۈز، ھەتتا مىڭلاپ ئادەم 5 ~ 10 پۇڭدىن بەرسە، بۇ پۇللار پەقەت خەجلەنمىسە خېلى بىر ئىش بولغۇدەك. مەن تولىمۇ يۈزەكى ئويلاپتىمەن. «تامار - تامار كۆل بولار» دېگەن شۇ - دە! پارچە پۇل دەپ كۆزگە ئىلمىغان بىلەن ئۇمۇ توپلىنىۋەرسە، «ئون مىڭ» لار ھاسىل بولىدىغانلىقى راست!

— بۇ گېپىڭىز جايىدا، مۇبادا تىلەمچىلەرنىڭ بىر كۈنلۈك «غەللىسى»نى سانىغان جايغا بېرىپ قالسىڭىز، ئۇلارنى راستتىنلا بۇلاقچى ئىكەن دەپ قالىسىز. ئاخشاملىرى قىلغان باراۋەتلىرى، ئەيش - ئىشرەتلىرىنى كۆرىدىغان بولسىڭىز، تىلەمچىلەر توغرىسىدىكى گەپلەردىن شۇبھىلەنمىگەن بولاتتىڭىز... بىزمۇ تازا ئەخمەق خەق، دىۋانە - تىلەمچىلەر نېمە ئىش قىلىپ بەرگىنى ئۈچۈن پۇل بېرىمىز؟ ياكى ئۇلار چەت ئەللەردىكىدەك ساز چېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بىرەر ئىشنى، پايدىلىق گەپنى قىلىپ بەرمىسە! ماقۇل، سىز دېگەندەك، مېيىپلارغا پۇل بېرىشكە كۆپچىلىك ئادەم رازى. بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك بولىدۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئۆزىنى سوراپ، بىزنى ئەخمەق قىلماسلىقى، تاپقانلىرى يېتەرلىك بولغان ئەھۋالدا ۋىجدان بىلەن ياشاشنى بىلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى...

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ، مەن دوختۇرخانىدىن چىقتىم. يەكشەنبە كۈنى يېڭىسارلىق بىر ئاغىنەم يوقلاپ كەلدى،

تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە ئىشلەيدىغان يەنە بىر دوستۇمنۇ كەپتۇ. بىز بىللە بازار ئايلاندۇق. ھېيتگاھ يەر ئاستى سودا سارىيىنى كۆرۈپ ئۈيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، ھېلىقى مېيىپ تىلەمچىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. مېنىڭ كۆز ئالدىمغا دوختۇرخانىدا بولۇنغان تالاش - تارتىش كەلدى. شۇنداقتىمۇ، كۆڭۈلۈپ قالغان كۆڭۈل ئۇنىمىسا كېرەك، ئۇنىڭغا يەنە پۇل بەردىم. ئىككى دوستۇممۇ قاراپ تۇرمىدى. يولدا كېتىۋېتىپ مېيىپ تىلەمچىنىڭ نۇرغۇن پۇلى بارلىقىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردىم. يېڭىسارلىق دوستۇم مۇنداق دېدى:

— بۇنىسى راست، يېڭىساردا ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بىر دىۋانە ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققان پارچە - پۇرات پۇل 42 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. ھەممە ئادەم ھەيران قالدى. ئۇ بىر تۇل ئايال ئىدى، ھېلىقى پۇللارنى پاخال، پاختا ئورنىدا كاڭ ئۇستىگە، يوتقان - كۆرپىگە، چاپان - چارسىنىڭ قېتىغا سالغانىكەن، ھەممىسى بىر پۇڭدىن بىر موچەنگىچە پۇل ئىكەن. كېيگەن كىيىملىرىگە قارىغىلى بولمايتتى، تاماقنىمۇ تىلەپ يەيتتى... ئۇنىڭ بۇنچىۋالا پۇلى بارلىقىغا ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى؛ ئىچىمدە جاپا بىلەن تاپقان پۇلنى خەجلەشنى بىلمىسە، تارتقان جاپاسى ۋە جېنىغا ۋاي دېسە بولىدىكەن دەپ قالدىم... «قەشقەر گېزىتى» گە بىر تۇل ئايالنىڭ 20 نەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى مەكتەپكە بەرگەنلىكى تەشۋىق قىلىندى، ئۇمۇ تىلەمچى ئىدى. گېزىتتە بۇ تەرىپى ئېنىق دېيىلمەپتۇ، ئۇنى مەرىپەتپەرۋەر تىلەمچى دېسە بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش... يەنە بىر دوستۇمنۇ قوشۇمچە قىلدى:

— بىزنىڭ مەكتەپتە بىرسىنىڭ تىلەمچى تۇغقىنى بار ئىكەن، — دېدى ئۇ، — بۇ تىلەمچى ئۆلگەندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ، خىزمەتدىشىمىزنى تاپتى. ئۇلار ئەسلىدە يىراق تۇغقانلاردىن

ئىكەن، تىلەمچىنىڭ ئۆيىدىن 37 مىڭ يۈەن چىقىپتۇ، قانۇن ئورۇنلىرى ئۇنى خىزمەتدىشىمىزغا مىراس قىلىپ بەردى، خىزمەتدىشىمىز تىلەمچىنىڭ ئۆز تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، باشتا پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىدى، كېيىن باشقىلارنىڭ سۆلىھ ـ سالاسى بىلەن ئالدى. تىلەمچىنىڭ نەق پۇلدىن باشقا، بىرنەچچە سەر ئالتۇن ۋە مەلۇم ساندا تىللاسىمۇ بار ئىكەن. ئاجايىپ ئىش، تىلەمچىلەر شۇنچە پۇللارنى تاپىدىكەن، يەنە قانائەت قىلماي تىلەيدىكەن. قارىغاندا، دەسمى سالماي ئاسان تاپىدىغان پۇل بولغاچقا، تاپقانسېرى ئاچ كۆزلىشىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

شۇنداق، تىلەمچىلەر شاھلاردەك ئەركىن، ئۇلارغا سوتمۇ يوق، تاپاۋىتىدىن باجمۇ ئېلىنمايدۇ. ئەمما قىلغان «ئەجرى»نىڭ ئاقىۋىتى چاشقاننىڭ تىنىم تاپماي يىغقىنىنى پاقا ئوسۇرۇپ يېتىپ يەپتۇ، دېگەندەك بولىدۇ.

## «كوڭكا چاشقىنى» پۇل قايغۇسىدا

مەن تونۇيدىغان بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ بېلەت تەكشۈرگۈچىسى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئېلىم ـ بېرىم مۇناسىۋىتىم يوق، سىرداشمۇ ئەمەس. شۇنچە يىللاردىن بۇيان، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا بىر يولۇچى. دېمەك، ئۇ مېنى شۇنچىلىكلا تونۇيدۇ ۋە چۈشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ مېنى تونۇمايدۇ. سەۋەبى، ئۇنىڭ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئادەملىرى شۇنداق كۆپ، مېنىڭچە، ئۇ پۇلدىن باشقىسىغا ئانچە قىزىقمىسا كېرەك! مەنمۇ ئۇنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، مىللىتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسى دېگەندەك تەرەپلىرى ھەققىدە ھېچنېمە ئۇقمايمەن، پەقەت پاسسازىرلار باش بېكىتىنىڭ بېلەت تەكشۈرگۈچىسى، نۆۋەتچى ئاپتوبۇسلارغا ئادەم چىقىرىپ، نەرسە ـ كېرەك بېسىپ بەرگۈچىسى ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن. مۇخبىرلىق ۋەزىپەم مېنى

ھەمىشە ناھىيەلەرگە بېرىپ جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ جەرياندا مەن ئاپتوبۇس بىلەن يول يۈرىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يوقلاش ئۈچۈن يۇرتقا بارغاندىمۇ ئائىلە بويىچە ئاپتوبۇسقا چىقىمىز. كۆپ ھاللاردا، مەن ئولتۇرماقچى بولغان يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدا ئاشۇ ياپما قاپاق، دورداي كالپۇك، ئاق سېرىق، يۈزى ئۇزۇنچاق ئادەم پەيدا بولىدۇ - دە، بىلەت تەكشۈرۈشكە باشلايدۇ. قارىماققا ئۇ كىشىگە ئىنتايىن ئاكتىپ، ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان ئادەمدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئىشتىكى تەشەببۇسكارلىقىنى، باشقا ئاپتوبۇسلارنىڭ بىلەت تەكشۈرگۈچىلىكىنىمۇ تالىشىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنىدىم. ئۇ بىر ئاپتوبۇسنى يولغا سېلىپ بولۇپلا، بىلەت تەكشۈرگۈچىسى بېكىتىلمىگەن يەنە بىر ئاپتوبۇسقا؛ ئۇنى يولغا سېلىپ بولۇپ يەنە بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئىشلەيتتى. نۇرغۇن يولۇچىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ بېكەتنىڭ ئاساسلىق ئادىمى بولسا كېرەك، دېگەن قاراش شەكىللىنىپ قالغان بولۇپ، ساددا، بىر ئىشقا يۈزە قارايدىغان دېھقان يولۇچىلار شۇ خىل قاراش تۈپەيلى كۆڭلىدە ئۇنى چوڭ سانايتتى؛ مەن خىزمىتىمنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن، گاھىدا ئۇنى ئاپتوبۇس بىلەن شەھەردىن مال يۆتكەپ تىجارەت قىلىدىغان كىشىلەردىن دائىملىق چۆپقەتلىرى بارلىقىنى ئاڭلاپ قالاتتىم، ھېلىقى چۆپقەتلەر ئۇنى ئالاھىدە بىر خىل خۇشامەت بىلەن تىلغا ئېلىشاتتى، ئاپتوبۇسقا باسىدىغان يۈكلىرى ئۈچۈن ھەقنى ئازراق ئېلىشنى ئۆتۈنەتتى. مۇمكىن بولسا جىڭغا سالماي، ئۇنىڭ ئاغزىدىن قانچە پۇلنىڭ گېپى چىقسا ئىنجىقلىماي بېرەتتى، تالون كەسمىسىمۇ ماقۇل دەيتتى. ئۇ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، شوپۇرغا دەپ قوياتتى ياكى ئازراق قىسمىنى بېرىپ ئىشنى توغرىلايتتى. چۈنكى، شوپۇرغىمۇ پۇل كېرەكتە! تۇۋا دېگۈدەك ئىش، خۇشامەت بىلەن ئۆزىنى خار قىلغاندىن كۆرە، جىڭلىتىپ قانچىلىك كەلسە، بەلگىلىمە بويىچە ھەق تۆلىسە، ئۆزى مەغرۇر،

مەردانە بولماسمۇ؟ يانچۇقى ئۇچۇن پايپېتەك بولۇۋاتقان بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە قانچىلىك مەنپەئەت يەتكۈزەر؟! تېخى ھېلىقى تەكشۈرگۈچىنىڭ «ئاداش، ئەسلىدە جىڭغا سالسا، مېلىڭلار 60 ~ 70 يۈەنلىك كېلەتتى، مەن يېرىمىنى ئالدىم جۇمۇ!» دەپ چوڭ پايدا يەتكۈزگەندەك تەلەپپۇزدا ئۆزىنى كۆرسىتىشچۇ تېخى؟ بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئوغىسى قاتتىق قايناپدۇ، ئەمەلىيەتتە «يېرىم ھەق ئالدىم» دېگەن ئاشۇ مالنى جىڭغا سالسا، تەكشۈرگۈچىگە بەرگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنىڭ كېتىشىمۇ ناتايىن. ئەپسۇسلىنارلىق يەنە بىر ئىش، بەزى چۆپقەتلەر يۇرتىدىن كەلگەندە بېلەت تەكشۈرگۈچىگە يەل - يېمىش، قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كۆكتاتلارنى ئالغاچ كېلىدىكەن، ئايرىملىرى بازارغا ئاپىرىپ ئۇنى مەخسۇس مېھمان قىلىدىكەن، سوۋغا - سالام ئېلىپ بېرىدىكەن. بۇلار پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىدىكى «قەدىر - قىممەت» بولۇپ، دوستلۇقتىكى قەدىر - قىممەت قاتارىغا كىرمەيدۇ.

مەلۇم بىرەيلەن ئېيتقاندەك، بۇنداق مۇناسىۋەتتە چۆپقەتلەرنىڭ ئالىدىغان پايدىسى ئىنتايىن ئاز. مانا شۇنداقلار ئۇچۇن كەتكەن چىقىمنى ھېسابلىغاندا ئۇلارنىڭ ئالىدىغان پايدىسىدىن تارتىدىغان زىيىنى نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى پايدا تەمەسىدە بولۇپ، بىر - بىرسىنى شۇلۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. تولا چاغلاردا ئۇلار بۇنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەقسەت، مەزمۇن، شەكىل باشقا بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلىدىغان بىر خىل كۈچ، ئىمتىياز، پايدا - مەنپەئەت ئاشۇنداق باغلاپ، چېكى روشەن چۆپقەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. چۆپقەتلىك مۇناسىۋىتىمۇ كۆرۈنۈشتىكىدەك ياخشى مۇلازىمەت ۋە توغرا پوزىتسىيەدىن شەكىللەنگەن ئەمەس؛ بېلەت تەكشۈرگۈچىنىڭ «چۆپقەتلەر» دىن باشقىمۇ پايدا ئېلىش ئۇسۇلى بار. ئۇمۇ خۇددى دوختۇرخانىنىڭ ھېلىقى نومۇر ساتقۇچىسى،

ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ پۇل تارقاتقۇچىسى ۋە كوچا تىلەمچىسىگە ئوخشاش پارچە پۇل مەستانىسى. ئۇ پۇلغا كۆنۈپ كەتكەن بولۇپ، مانا بۇ تىنىم تاپماسلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى. نەپسانىيەت ئۇنىڭغا ھەممىنى قىلىشنى ئۆگەتكەن. ئۇ رەھبەرلىكنىڭ ئاغزىدا تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغان، ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيدىغان خادىم، ھەر يىلى ئىلغار خىزمەتچى، ئىلغار بىلەت تەكشۈرگۈچى بولۇپ باھالىنىپ شەرەپ سەھنىسىنىڭ باش تەرىپىگە ئىسمى، رەسمى چىقىدۇ. ئاڭلىسام ئۇنىڭ ئايرىم خىزمەتداشلىرى: «نېمانداق جان قىينايسەن، ئۆزۈڭگە تەقسىم قىلىنغان ئىشلارنىلا قىلساڭ بولماسمۇ؟» دەپتىكەن، ئۇ دەرھال يالغان ئاكتىپلىق قىلىپ: «ئاتايىن ئىشلىگەندىن كېيىن، بېرىلىپ ئىشلەش كېرەك، قانچىلىك ئېغىر ئىش ئىدى بۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەلۇمكى، شۇنداق دېگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق «جان قىينايدىغان»لىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلارنىڭمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش تالىشىپ ئىشلىگۈسى بار. ئەمما، ئۇلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، ناننى ھالال يېيىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ «قەھرىمان» لىقىغا قارىتا نۇرغۇن قورساق كۆپۈكى بار، لېكىن دېمەيدۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭغا بىلەت سېتىۋالغۇچى ھەقدارلارنىڭ گەپ قىلغىنى تۈزۈك. ئۇلار گەپ قىلمىسا، باشقا گەپ قىلغۇچىلار يالغۇز قېلىپ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشىدۇ، تۆھمەتچىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمەت تەرتىپىدە يولۇچىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىش قاتتىق چەكلەنگەن بولسىمۇ، ھەقدارلار مەلۇم قىلمىسا، باشلىقىمۇ ۋە باشقا بىر كىملەرمۇ ئۇنى ھەمىشە نازارەت قىلىپ تۇرالمايدۇ، شۇنداق ئىكەن، يولۇچىلارنىڭ ئاجىزلىقىدىن پۇرسەتپەرەسلەر پايدىلانماي قالامدۇ؟! بۇنداق جايدا رەھبەرلەرنىڭ كۆرىدىغىنى، ئاڭلايدىغىنى بايىقىدەك سىلىق ھەرىكەت، چىرايلىق گەپ. ئۇنىڭ ھېلىقى گېپى چىن بولسا ئىدى، ئالىيجاناب روھنىڭ نامايەندىسى بولاتتى. ھالبۇكى،

ئۇ چۆنتەك تومۇلايدىغان قىلىقلىرىنى ئۇن - تىنىسىز، بۇسىنى چىقارماي يوقىقا چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ «تەشەببۇسكارلىق»ىنى قوغداپ قالىدۇ، پەقەت بولمىغاندا ئۇنى بىرەر ئىشقا «باشچى» قىلىپ قويۇشنى ئويلىشىدۇ... بۇ كىمنىڭ ئىشى بولسا مەيلى. ئەسلىي گەپكە كەلسەم، مەن ئۇنى شۇنچىلىكلا تونۇيمەن، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە نۇرغۇن تەرەپلەردىن خەۋەر تاپالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كولىساق سىبسىقى چىقامدۇ ياكى خۇش ھىدىمۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم! مېنىڭچە، بۇ يەردە ئۇنداق قىلىش ھاجەتسىز.

شۇنداق بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. شۇ كۈنى يېڭىسارغا بېرىش زۆرۈرىيىتى بىلەن بېكەتكە كىردىم. ئاپتوبۇس خېلى بىر كەمدە ئاران تولدى. بېلەت سېتىش ئورنىدىن بېلەت ئېلىپ كېلەي دېسەم ھەمسەپەرلىرىم: «بېلەت تەكشۈرگۈچىگە پۇل بەرسە بولىدۇ، بېلەت ئېلىپ كەلسە يىرتقىلى ئۇنىماي ئاۋارە قىلىدۇ، پۇل بەرسەك تېزلا يولغا سالىدۇ» دېيىشتى. ئىلگىرى بۇنداق ئىشلار ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەممىلا ئاپتوبۇستا دېگۈدەك يولۇچىلار بېلەت ئالماي ئورۇندۇق ئىگىلەپ بولۇپ، بېلەت تەكشۈرگۈچىگە پۇل بېرىدىغان، بېلەت تەكشۈرگۈچى بېلەت رەسمىيىتىنى ئۆزى ئۆتەپ يولغا سالىدىغان ئىش ئومۇملىشىشقا يۈزلەنگەندى. مەن بۇنى شەخسلەر ئىگىلىكىدىكى ئاپتوبۇسلارنىڭ شوپۇرلىرى بېلەت سېتىش مۇلازىمەت ھەققىنى بېكەتنىڭ ئېلىشى، كىرا پۇلىنى ۋاقتىدا ئالالماسلىقى تۈپەيلىدىن نەق پۇلغا ئادەم سېلىشقا خۇشتار بولۇپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان ئىش بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. ھالبۇكى، بېلەت تەكشۈرگۈچىلەرمۇ ئۇلارغا ماسلىشاتتى، بۇ جەھەتتە ئورتاق ھەمكارلىشىپ تىل بىرىكتۈرۈۋالغانىدى... مەن ھەمسەپەرلىرىمنىڭ گېپىگە ئاساسەن، پۇل تۆلەشكە ماقۇل بولدۇم. بىر چاغدا، قولۇمدىكى كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈرسەم، مەن تونۇيدىغان ھېلىقى بېلەت تەكشۈرگۈچى ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا

تەرىپىدىن باشلاپ، بىلەت تەكشۈرۈپ بىلەتتى يوقلاردىن پۇل ئېلىشقا باشلاپتۇ، مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە:
— بىلەت قېنى؟! — دەپ سورىدى.
مەن ئىككى يۈەنلىك پۇلدىن ئىككىنى تەڭلىدىم. ئۇ گەپ قىلماي ئالدى، يان تەرىپىمدە ئولتۇرغان بىر بالا بىر تۇتام پارچە پۇلنى تەڭلىۋىدى، ئۇ تەرىنى تۇرۇپ:
— ۋايىيەي، نېمانداق پارچە پۇل بۇ؟! پۈتۈن پۇل يوقما؟! بۇ نەچچە پۇل؟ — دېدى.
— ئوتتۇز يەتتە يېرىم موچەن.
— پۇلۇڭ يەتمەيدىكەن، تۆت كوي بېرە، تۆت كوي!
— ھەممىسى شۇ، مەندە ئەمدى پۇل يوق! — بالا ئىلتىجا بىلەن تەلمۈردى.
— تۇتە پۇلۇڭنى، چۈشۈپ كەت، باشقا ئادەم چىقىدۇ، چۈشە تېز!
تەكشۈرگۈچى بالىنى چۈشۈپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى، بالا ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ، ئۇ پىسەنتىگە ئالمىدى، مەن بالىنىڭ راستتىنلا پۇلى يوقلۇقىنى بىلدىم. بالا نامرات چىراي، كىيىملىرى توپا - تەرەت ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇم كەلدى - دە، بىلەت تەكشۈرگۈچىگە:
— بۇ بالىنىڭ پۇلىنى ئالسىلا، مەن بەرگەن تۆت يۈەندىن ئاشىدىغان ئىككى موچەننى بۇ بالىنىڭ كەملىگەن پۇلىغا ھېساب قىلسىلا، — دېدىم.
بىلەت تەكشۈرگۈچى ماڭا چەكچىيىپ قارىدى، ياپما قاپاقلىرىدىن مۇز تۆكۈلىدىغاندەك، سارغۇچ يۈزى ئېسىلدى.
— بولمايدۇ، ساڭا پۇل يانمايدۇ؟!
— نېمىشقا يانمايدۇ؟ بىلەت ئۈچ يۈەن سەككىز مو، ئىككى مو ئاشىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ بالىغا بەش پۇڭ قوشۇپ قويسىلا يەنە 15 پۇڭ ئاشىدۇ...
— بىلىمەن، بۇ بالىغا ياردەم قىلغۇڭ بولسا، تۆت يۈەن بەر،

بولمىسا سەنمۇ چۈشۈپ كېتە!

— نېمە دەيدۇ بۇ، نېمانداق كاج ئادەم سىلە؟ گېپىمنى چۈشىنىۋاتامدىلا ياكى...

— ساڭا پۇل يانمايدۇ دېدىمغۇ، يانىدۇ دېسەڭ، تۆتە تۆت يۈەن پۇلۇڭنى، بېلەت ئېلىپ كېلىپ ماشىنىغا چىق! — زەردەم قايناپ، شۇنداق ئاچچىقىم كەلدىكى، ئۆزۈمنى ئاران - ئاران بېسىۋالدىم. قانداق تەتۈرلۈك بۇ!؟ مەن يەنە گەپ قىلماي دېگۈچە ئارقا تەرەپتىن بىرسى:

— تالاشمىڭا، ئۇكام، ئىككى موچەن دېگەن ئۇ يەردە قويسا، بۇ يەردە يوق نەرسە. ئىككى موچەننى دەپ ئاۋارە بولۇپ، ماشىنىدىن چۈشۈپ بېلەت ئېلىپ چىققۇچە، مۇشۇلار ئۆزلىرى نېمە ئىش قىلسا قىلمامدۇ، بىزنى تېززەك يولغا سېلىپ قويسا بولدى ئەمەسمۇ! — دېدى.

— مېنىڭ ئىككى موچەنگە چىدىمىغان يېرىم يوق، ئاكا! — بۇ يولسىزلىق بىلەن بوزەك قىلىۋاتىدۇ. جاھاننىڭ ئىگىسى بار، مېنىڭلا دېگىنىم ھېساب دېسە بولماس.

— ھەي، ئۇكام، ھازىر بىكارغا كىم ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭغا ھەربىر ئادەمدىن ئىككى موچەندىن پۇل قالمىسا، بېلەت كەستۈرۈپ، يولغا سېلىپ قويامدۇ؟

— ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ، بۇ ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى، مۇشۇ ئىشنى قىلىپ ئىش ھەققى ئالىدىغان تۇرسا، — دېدىم مەن پىرىنسىپنى دەستەك قىلىپ، — بۇ ئاداش يا بېلەت تەكشۈرۈشكە تۇرسۇن، يا بېلەت سېتىشقا! مۇشۇنداق يولسىزلىق بىلەن باشقىلاردىن پۇل ئۇندۇرۇۋالىمەن دېسە، شەرمەندىلىك بولمامدۇ؟! ئەسلىدە، بېلەت سېتىش بۇنىڭ ئىشى ئەمەس، مەن تېخى بېلەتنى خالىس ئېلىپ چىقىپ بېرىدىغان ياكى پۇلنى شوپۇرغا ئۆتكۈزۈپ يولۇچىلارنى سالىدىغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

— ھەي ئۇكام، سىز نەدە، جاھان نەدە؟ بۇنداق غوجاملارغا شەرمەندىلىكمۇ، نومۇسمۇ بەرىبىر، پۇلغا تۇرغان خەق بۇ، ھازىر

ياخشى ئىشنى بىكارغا قىلىدىغان ئۇ چاغلاردىكى لېپى فېك قالمىدى!

«تەكشۈرگۈچى» ئىشنىڭ چىڭىغا چىقىپ قالىدىغانلىقىنى پەملىدى بولغاي، مەندىن ئالغان تۆت يۈەننى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ:

— بىلەت ئال، بولمىسا چۈشۈپ كەت! — دېدى. ئۇنىڭ مۇئامىلىسى شۇنداق قوپال، غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم، قولۇمدا بىلەت بولۇپ قالىدىغان بولسا، نېمە كۆرسەممۇ ئېڭەككە ئىككىنى سالار ئىدىم! ئەپسۇس، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، ھېلىقى بالا بىلەن ئىككىمىزگە بىلەت ئېلىش ئۈچۈن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتىم، بىلەتنى ئېلىپ چىقسام، ئىككى ئادەمدىن ئون يۈەن ئېلىپ، بالىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئىككىمىزنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ بوپتۇ.

— ئورۇن تۇگىدى، كېيىن ماڭىدىغان ماشىنىغا چىق! — دېدى بىلەت تەكشۈرگۈچى قولۇمدىكى بىلەتكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدىم مەن دەرغەزەپ ئىچىدىكى نەپرىتىمنى زورىغا بېسىۋېلىپ، — يۈر، ئىككىمىز باشلىقىڭنىڭ ئالدىغا بارىمىز، سېنىڭ توغرىمۇ، مېنىڭ توغرىمۇ؟ ئايرىيمىز، ئاندىن بۇ ماشىنىنى ماڭغۇزسەن، بولمىسا مەن ماڭمىسام ماڭمايمەنكى، سەن بىلەن ئوبدان ھېساب - كىتاب قىلىشىمەن...

— سەن كىرسەڭ كىرىۋەر، مەن كىرمەيمەن، ھازىر باشلىقمۇ يوق.

— خام خىيال قىلما، سېنى سۆرەپ بولسىمۇ ئەكىرىمەن!

بىز خېلى دەتالاش قىلدۇق، ئۇنىڭ ئاپتوبۇستىكى تونۇش - چۈپقەتلىرى مېنى ئەيىبلىدى: «تەڭ بولماڭ، كېيىن بېرىڭ...»، «چىدىماس نېمىكەن بۇ، كارىلىرى بولمىسۇن، ئۇستام، قاقشاپ توختاپ قالدۇ»، «بىزنى ماڭغىلى قويە، ئاداش»... چاپانچىلار شۇنداق دېيىشىپ، ئۇنىڭ نوخلىسىنى ئۆستۈرۈپ قويدى. مەن

ئۇلارغا چىرايلىقچە چۈشەنچە بەردىم ۋە نىيىتىمدىن قەتئىي يانمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ بىرقانچە چۆپقەتلىرى ۋە شوپۇر ئارىغا چۈشۈپ كېلىشتۈرمىچىلىك قىلدى. بېلەت تەكشۈرگۈچى سەل بوشىدى، مەن گېپىمدە چىڭ تۇردۇم. ئاخىر باشلىقنىڭ ئالدىغا كىرىدىغان بولدۇق.

— بولىدۇ، باشلىقنىڭ ئالدىغا كىرەيلى، ماشىنىنىڭ ۋاقتىدا مېڭىشىغا توسقۇنلۇق قىلدىڭ، ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرۈۋېتىمەن، بارلىق زىياننى سەن تۆلەيسەن، — دەپ پوپوزا قىلدى بېلەت تەكشۈرگۈچى.

— تۆلەيمەن! — دېدىم مەن.

تۇرۇپلا ئۇ باشلىقنىڭ يېنىغا كىرىدىغان ئىشنى ئارقىغا سۆرەپ تۇرۇۋالدى. بىرقانچە پېشقەدەم يولۇچى ماڭا:

— ئۇكام، بولدى قىلسىلا، بالدۇر كېلىپ ئالغان ئورۇن بولغاندىكىن سىلىمۇ جايلىرىغا كېلىپ ئولتۇرسىلا، كېيىن چىققانلار ئورۇننى بىكارلاپ بەرسۇن، ئاپتوبۇس ساقلاپ ئولتۇرغىلىمۇ ئىككى سائەتتىن ئاشتى، باشلىقنىڭ يېنىغا كىرسەڭلا يەنە بىرەر سائەت ھايال بولىسىلەر، بىر مۇنچە ئادەم ساقلاپ قالىمىز، ئەسلىدىغۇ بۇ كىشىنىڭ قىلغىنى توغرا ئەمەس، شۇنداقتىمۇ يول قويايلى، — دېدى.

— مانا مۇشۇنداق ئىشىمىز بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھەق تەرەپكە يان باسماي، ئەكسىچە، توغرا قىلغۇچىغا نەسىھەت قىلىپ، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ، تەسلىم قىلدۇرۇپ بېرىمىز. مۇشۇنداق ئەخمىقانە ئىشىمىز قاچان تۈگەر؟! بىز نېمىدېگەن ساددا، ئاق كۆڭۈل - ھە؟ مۇشۇنداق يۇمشاقلىقىمىز بىزگە ئاۋارىچىلىك، بىچارىلىك، ئەخمەق قىلىنىشنى بېرىۋاتىدۇ...

— ھەي، ئۇكام، ئەمدى قانداق قىلىمىز، ئۇ جاھىللىق قىلىۋاتسا...

ئىشلار شۇنداق بولدى، بۇ ئىش مېنى خېلى ئۇزاق

ۋاقىتلارغىچە ئازابلىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، شۇنداق ئىشتىن يەنە بىرى يۈز بەردى. يازنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى ئىدى، پەيزىۋاتتىن بىر دوستىمىز قوغۇن سەيلىسى قىلىشقا چاقىردى. بىز سەھەردىلا ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ ئاپتوبۇسقا چىقتۇق. خېلى ئۇزاق ساقلاشقا توغرا كەلدى، بىر كەمدە ئاپتوبۇس ئادەمگە تولدى، بېلەت تەكشۈرگۈچى چىقتى، قارىسام يەنە ھېلىقى ئاداش ئىكەن! «ئاھ، خۇدا، يەنە تالىشىپ قالمىغىيتتۇق، ئاپلا، بېلەتنى ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرساق بوپتىكەن» دېدىم ئىچىمدە.

— بېلەت قېنى؟ — دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ.

— بېلەت ئالمىغان، — دېدىم مەن ۋە ئون يۈەن پۇل بېرىپ ئىككىمىزگە بېلەت بېرىشنى ئەسكەرتتىم. ئۇ بىر يۈەن قايتۇردى. ئەسلىدە بىر يۈەن 60 پۇڭ قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى، شۇڭا، ئۇنىڭ قولىغا قارىدىم، خېلى كۆپ پارچە پۇل تۇرسىمۇ قايتۇرماي باشقىلارنىڭ بېلىتىنى تەكشۈرۈش بىلەن بولۇپ كەتتى، مەن 60 پۇڭنى قايتۇرۇشنى ئەسكەرتىپ قويدۇم، ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچكىرىسىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويدى. كېيىن ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ كېتىۋاتقاندا يەنە بىر قېتىم ئېيتتىم.

— پارچە پۇل يوق! — دېدى ئۇ قوپال تەلەپپۇزدا.

— قولۇڭدا تۇرمامدۇ؟

— خەقنىڭ پۇلى بۇ؟! ساڭا نېمىشقا پۇل قايتۇرىدىكەنمەن؟

— بىر بېلەت تۆت يۈەن 20 پۇڭ، ئىككى بېلەت سەككىز يۈەن 40 پۇڭ، مەن ئون يۈەن بەردىم، سەن بىر يۈەن قايتۇرۇپ بەردىڭ، دېمەك يەنە 60 پۇڭ سەندە قالدى. تولا كاجلاشمايلى، ئۆتكەندىمۇ شۇنداق قىلدىڭ، يەنە غىدىڭ - پىدىڭ قىلساڭ، بۇ قېتىم بوش تۇتۇشۇپ قالمايمىز جۇمۇ!

— ئەمىسە بېلەت ئېلىپ چىقمامسەن، ئاداش، — دېدى ئۇ بىردىنلا.

— بولىدۇ، پۇلنى بەرگىن ئەمىسە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ

مۇئامىلىسىنىڭ سەل ياخشىلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ.

ئۇ پۇلنى ماڭا بېرىۋاتقاندا ئاپتوبۇستا ئولتۇرغان بىر چاپانچى:

— ھەي، ئۇكا، توققۇز يۈەن دېگەندىكىن بەرسىڭىز بولمامدۇ؟ بىرنەچچە موچەن پۇل نېمىگە يارايتتى، تالاشمىسىڭىز، بېخىللىق قىلمىسىڭىز نېمە بولار، بىر - ئىككى موچەندىن بەرگەن پۇلىمىزدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشىنى غەملىۋالسۇن بۇمۇ! ۋاقتىدا مېڭىۋالايلى، كوررا - كورراڭ قىلماي، — دېدى.

— نېمىشقا بېرىمەن بىرنەچچە موچەننى؟ سىلە بىر قائىدە تېپىپ بەرسىلە ماڭا، يا مەن ساراڭ، ئەخمەق بولمىسام، يا ئۇ دىۋانە - تىلەمچى بولمىسا!

— تازىمۇ لى ئۇقمايدىغان بالا ئىكەن بۇ...

— ئولتۇرە ۋا، ئادەمنىڭ بېزى! سەن قوشۇق سالماي! — دېدى ئاغىنەم غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ھېلىقى چاپانچىغا، — يالاقچىلىق قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، بىز دېيىشىۋاتقان ئىشقا قورساق كۆتۈرۈشۈڭ ھاجەتسىز. ئۇنىڭ خاتا ئىشىغا نېمىدەپ يول قويىمىز؟ ئادەممۇ سەنلەر - ھايۋانمۇ؟... بىزنىڭ نادان خەلقىمىز بۇ جەمئىيەتتىكى توسۇمسا بولمايدىغان مەسىلە بولسىمۇ، ئىرادىسىنى يوقىتىپ، ھەققانىي مەيداندا تۇرماي، نائەھلىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا پۇرسەت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۆزىنى دەسسەتىسىمۇ ۋايسىماي كۆنۈپ قالىدۇ، بۇ نەقەدەر بىچارىلىك! سەنلەرنىڭ نەرىڭ ئادەم؟ تۇرقۇڭما!؟... ھايۋان جېنىدا ئۇرسا مۆ دەيدۇ، بىز خەق خوش - خوش دەيمىزما؟!...

ئاغىنەمنىڭ بەكلا زەردىسى قايندى، ئۇ بەكلا قايناپ كەتتى، مەن «تەكشۈرگۈچى» دىن پۇلنى ئېلىپ بىلەت سېتىۋېلىپ چىقىپ تاپشۇردۇم. ئاشقان ئالتە موچەنگە بىر بولاق گازىر ئالدىم.

— تازا گىجىڭ ئاداشلار ئىكەن بۇ ئىككىسى، — دېدى ئولتۇرغانلاردىن بىرى پەس ئاۋازدا، — ئازغىنە پۇلنى دەپ، ئاۋارە

بولغانغا تۇشلۇقمۇ ئىش يوق، بۇ كەمگىچە مېڭىپمۇ بولاتتۇق...
— بىزنى ئۇنچىۋالا چىدىماس كۆرۈپ كەتمىسىلە، ئاكا، — دېدى ئاغىنەم، — سىلىنىڭ پۇللىرى كۆپ بولسا، قانچىلىك بەرسىلە مەيلى، بىز كىشىلەرنىڭ سېخىي بولۇشىنى تىلەيمىز، لېكىن بىھۇدە سېخىيلىق قىلساقمۇ بولمايدۇ، بىزنىڭ سېخىيلىق قىلغۇدەك پۇلىمىز كۆپ ئەمەس. شۇڭا، پۇلنى جايىدا، تېجەشلىك ئىشلەتمىسەك بولمايدۇ. ئالتە موچەنمۇ پۇل، قارىسىلا، ئۇنىڭ نېمە قىلىپ بەرگىنىگە ئالتە موچەن پۇلنى بىكارغا بېرىمىز، بىز بەرمىسەكمۇ ئىشلىگەن — بېلەت تەكشۈرگىنى ئۇچۇن ھۆكۈمەت ئىش ھەققى بېرىدىغۇ، بۇلارغا يولۇچىلار بولمىسا ئىش ھەققى نەدىن كېلىدۇ؟ بۇلارنىڭ جېنى يولۇچىلار، ئۇلارنى خالىغانچە قاقتى - سوقتى قىلسا بولمايدۇ. ئالتە موچەن ئېيتىشقا ئاز پۇل بولسىمۇ، مانا، بەش موچەنگە ماۋۇ بىر بولاق گازىرنى ئالدۇق، بىر موچەنگە بىر قاپ سەرەڭگە كېلىدۇ؛ ئالتە موچەن بولمىسا، بىر كىم ئاشۇ نەرسىلەرنى بىكارغا بېرەمدۇ؟ ھەممىڭلار خاپا بولدىڭلار، ئويلاپ باقامسىلەر، بىز كۆز ئالدىمىزنىلا كۆرسەك بولمايدۇ، بۇ بىزنىڭ يامان ئىللىتىمىز، بىرنى كۆرۈپ، بىرنى كۆرمەيمىز، بايا ئويلانماي ئاۋۇ تەرەپ بولدىڭلار، مەن پاكىت كۆرسەتسەم «ھە، ئىش مۇنداقكەن» دەپ، مەن تەرەپكە ئۆتىسىلەر ھەر قاچان. مانا بۇ بىزنىڭ ئەڭ قاملاشمىغان خۇيىمىز، يامان ئىللىتىمىز، مۇشۇ تاپتا ماشىنىدا 50 كە يېقىن ئادەم بار. ھەر بىر ئادەم ئۈچ موچەن، سەككىز موچەن، ئالتە موچەن پۇلىمىزنى ئالمىساق، سىلەرچە نەچچە پۇل ئۇنىڭدا قالار؟ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەمدىن ئۈچ موچەندىن تۇتۇپ قالدى دەيلى، ئۇنىڭدا 15 يۈەن قالغان بولىدۇ، ماقۇل، 15 يۈەن قالماي 10 يۈەنمۇ قالسۇن، بىر كۈندە 10 ئاپتوبۇسنى يولغا سالسا 100 يۈەن ساپ پايدا قالدى دېگەن گەپ. دەسمىيىسى يوق، جەبرىسى يوق نەقلا پۇل - دە! شۇنداق بولغاندا

ئۇ بىر ئايدا ئۈچ مىڭ يۈەن، بىر يىلدا 20 ~ 30 مىڭ يۈەن پايدا ئالىدۇ. دېمەك، يولۇچىلارنىڭ شۇنچىۋالا پۇلى بىكاردىنلا ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتتى دېگەن گەپ. پارچە پۇلنىڭ كارامىتىنى مۇشۇنىڭدىن كۆرسەك بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق مۇناپىق، ئەخلاقسىز ئادەمگە بىر پۇڭنىمۇ بېرىشكە بولمايدۇ.

— راست، راست! — دېيىشتى ئاپتوبۇستىكى كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ.

ئاندىن بىرقانچەيلەن ئۈچ موچەن، سەككىز موچەندىن پۇلنىڭ بېلەت تەكشۈرگۈچىدە قالغانلىقىنى ئېيتىپ، بېلەت ساتقۇچى كەلگەندە قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا شوپۇر قايناپ - چىچاڭلاپ كابىنكىغا چىقىپ ئاپتوبۇسنى ھەيدەپ مېڭىپ كەتتى. بېلەت ساتقۇچى قاياققىدۇر غايىب بولغانىدى.

— بۇنداق ئىش يالغۇز بۇ يەردىلا ئەمەس، پەيزىۋات ناھىيەسىنىڭ ئۆزىدىمۇ بار، — دېدى ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىدا ئىشلەيدىغان بىرەيلەن، — قايسى كۈنى پەيزىۋات بېكەتتىن قەشقەرگە ماڭغاندا، سەككىز موچەن پۇلۇم بېلەت تەكشۈرگۈچىدە قالدى، ياندۇرۇپ بېرىشنى ئېيتسام «پارچە پۇل يوق، شوپۇرغا بېرىپ قويای، شوپۇردىن ئالسىلا» دېدى. مەن راست ئوخشايدۇ دەپ، مەنزىلگە يەتكەندە، شوپۇرغا دېسەم، «ياق، ماڭا بەرمىدى، بېلەت تەكشۈرگۈچىنىڭ ئۆزىدىن ئالسىلا» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق يەرگە بارماقچى بولسام، ئاپتوبۇسقا بېلەت ئېلىپ چىقىدىغان بولدۇم. بېلەت ئېلىش شۇنچە تەس بىر ئىشتەك، ئاپتوبۇسقا چىقىپ بولۇپ پۇل تۆلەشنى ئاسان چاغلايمىز. قىلغىلى بولىدىغان ئىشنى ئۆزىمىز قىلماي، زىيانغا دەسسەيمىز. مۇشۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى تولا قىلىدىغانلار پەيزىۋات، يېڭىساردەك نامرات يۇرتلاردا كۆپ، ئەسلىدە نامرات بولغاندىن كېيىن، بىر پۇڭنىمۇ تېجەپ خەجلىسە ياخشى بولاتتى، لېكىن يالىڭاياغ سۇدىن قورقمىغاندەك، نەدە يوق

ئىشلارنى پەيدا قىلىپ ئۆزىنى ئەخمەق قىلىدۇ. نامراتلىق ئەقىلنى توراپ، نادانلىق، قاششاقلىق پاتقىقىغا تىقىپ گالۋاڭ، دۆت قىلىپ قويىدىغان كۇشەندە ئىكەن. شۇنداق بولمىسا نېمىشقا ئۆزىچىلا خەققە پۇلنى تاشلاپ بېرىدۇ، بۇنى نوچىلىق، مەردلىك، كەڭ قورساقلىقنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولامدۇ؟! هازىر مۇشۇ ئاپتوبۇستا بىرنەچچە موچەندىن پۇلى بىلەت تەكشۈرگۈچىدە قالغانلار قانچە ئادەم بىز؟

سۈرۈشتە قىلىشتىن مەلۇم بولدىكى، يولۇچىلارنىڭ 13 يۈەن 30 پۇڭ پۇلى بىلەت تەكشۈرگۈچىدە قاپتۇ.

— مانا ئەمەسمۇ، — دېدى ئاغىنەم، — پارچە پۇل دەپ كۆزگە ئىلمىغان بىلەن «تامار - تامار كۆل تولار» دېگەندەك، ئۇنىڭدا شۇنچىۋالا پۇلىمىز قاپتۇ، ئاشۇنداق هارامزادىلەرگە ئۆزىمىز بىلمەيلا ساددىلىق قىلىپ، هارام بايلىق يارىتىپ بېرىمىز.

كىشىلەر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغاندەك جىمىپ كەتتى.

## خاتىمە

پۇل ماددىي هاياتنىڭ ئاساسلىق ۋاستىچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا ئوينايدىغان رولىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ پارچىسىمۇ، پۈتۈنىمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. پۇلنىڭ پۈتۈنى كۆرۈنۈشتە قىممەت جەھەتتىن چوڭ، ئەمما ئىنچام بولىدۇ؛ پارچىسى كۆرۈنۈشتە قىممەت جەھەتتىن كىچىك، ئەمما مىقدارى كۆپ بولىدۇ. قىممەت ئۆلچىمى جەھەتتىن ئالغاندا هېچقانداق پەرق يوق. پۇلنىڭ پۈتۈنىگە — چوڭىغا ئىنتىلىش ئادەملەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى.

بىلىش كېرەككى، پۈتۈن پۇل پارچە پۇلدىن هاسىل بولىدۇ. پۇل پۈتۈن ياكى پارچە بولسۇن، قىممىتى ئۆزگەرمەيدۇ،

كۆرۈنۈشتىكى مىقدارى جەھەتتىن پەرقلەنسىمۇ قىممىتى جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ، ئەمما، بىز پۇلنىڭ پۇتۈننى دەپ پارچىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ئەمەسلىكىمىز، ئۇنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە، جەمئىيىتىمىزدە يالغۇز بىرلا دوختۇرخانىدا نومۇر ئېلىش ئورنى، بىرلا بېكەتتە بېلەت تەكشۈرگۈچى، بىرلا پاختا زاۋۇتى، بىرلا مېيىپ تىلەمچى بار دەپ قارىساق بولمايدۇ. جەمئىيىتىمىزدە ئاشۇنداق روجەكلەردىن كۆرمىگى بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. ئالايلۇق، چوتنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تاراقلىتىدىغان، ئېلېكتىرونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىتىپ تۇرىدىغان، كۆنبويى پۇل بىلەن ھەپىلىشىدىغان ھەرقانداق ئورۇندا پارچە پۇل خۇمارلار، پارچە پۇلغا ئىنتىزارلار بار. پارچە پۇلنى كۆزگە ئىلمىغۇچىلارنىڭ ئاجىزلىقى پارچە پۇلغا خۇمارلارنى خۇماردىن چىقىرىدۇ ياكى مەڭگۈلۈك سېزىك قىلىپ قويىدۇ. ھالبۇكى، ھازىر بىز ئېلېكتىرون دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز، پۇل ۋە نەرسىلەرنى ئېلېكتىرونلۇق مېڭە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئىشقا ئېشىۋاتىدۇ، ئەمما كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، كومپيۇتېرلاشتۇرۇشمۇ ئادەمگە باغلىق، ئۇنى ئىشلىتىشمۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ. دېمەك، ئۇنىمۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە، مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرالايدۇ، شۇنداق ئىكەن، مۇشۇ چاغنىڭ ئۆزىدە شارائىتقا مۇناسىپ كېلىدىغان پارچە پۇل خۇمارلار بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەيرەڭلىرى مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ئادەملەر ئۆزىنى ئۆزى قوغداشنى بىلىشى، ئەخلاقسىزلارنىڭ يامان نىيىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. بۇ مېنىڭ قارىشىم. چۈنكى، ئادەملەرنىڭ ساپاسى ئۆسۈپ، دىيانەتنى ئۆزىگە چىن ھەمراھ قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويغانغا قەدەر قاتتى - سوقتى قىلىش داۋام قىلىدۇ. سىز

شۇ دەۋر بارلىققا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا بايىقىدەك ئىشلارغا يولۇقسىڭىز، سۆكۈت قىلىپ تۇرامسىز ياكى كەسكىن رەت قىلىپ، پارچە پۇلىڭىزنى ساقلاپ قالامسىز ياكى بېرىۋېتەمسىز، بۇنىسى ئۆزىڭىزگە باغلىق.

1995 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

# بالام، پۇلنى سىز خەجلەڭ

— بالا دېگەنگە ھە دېگەندە پۇل بەرسە بولمايدۇ.
— نېمىشقا شۇنداق دەيسىز؟
— بالا، بالىنىڭ قىلغان ئىشى چالا دېگەن شۇ، بەتخەج بولۇپ قالىدۇ.
— ئۇنداق بولۇپ كېتىشى ناتايىن، گەپ ئاشۇ بالىغا پۇل خەجلەشنى قانداق ئۆگىتىشىمىزگە باغلىق.
— ۋاي، ئانامەي، پۇل خەجلەشنىمۇ ئۆگىتىدىغان ئىشمۇ، ئۆزى خەجلەش جەريانىدا ئۆگىنىدۇ.
— دەل مانا مۇشۇنداق سەل قاراش بالىنى بەتخەج قىلىپ قويىدۇ...
شۇ گەپلەردىن كېيىن مەن مۇنداق بىرقانچە تەجرىبىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدىم:

## سەن «مالىيە ئەمەلدارى» بول

يازلىق تەتىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەن قاغىلىق، خوتەنلەرگە بارىدىغان بولۇپ قالدىم.
بالىلىرىم ماڭا ئەگىشىپ، ساياھەت قىلماقچى بولدى. بىر تۇرۇپ ماقۇل دېگۈم كەلدى، چۈنكى ئۇلار تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ تۈگەتكەن، ئويناۋاتقىنىغا بىرقانچە كۈن بولغان بولۇپ، ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇلارنى بىرەر جايغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىش ۋەدەم بار ئىدى. بۇ، ئەلۋەتتە بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە زېھنىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىش ـ تە! ئۇلارنىڭ تەتىلى

تۈگىسە، يەنە بىر مەۋسۇم مەكتەپكە باردۇ، ئۆيگە كېلىدۇ، ئۆگىنىدۇ، تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ... ئويناش، سەيلە قىلىش پۇرسىتى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەتىلدە شەھەردە تۇرۇۋەرسىمۇ، ئىدىيەسى قاتماللىشىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيمەيدۇ. بۇنى دېسەم ئۇلارنىڭ رايىغا بەكمۇ باققۇم بار. يەنە بىر تۇرۇپ ئاپارماي دېدىم، چۈنكى مەن ئۇ يەرلەرگە خىزمەت بىلەن بارىمەن، باللار ئەگىشىۋالسا خاتىرجەم ئىشلىيەلمەسلىكىم تۇرغان گەپ. يەنە بىر جەھەتتىن ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ قىيىنلىشىپ قالىمەن، ئادەتتىكى خىزمەتچى بولغىنىم ئۈچۈن مائاشىم چاغلىق، كاماندىروپكا پۇلى نېمىگە دال بولىدۇ؟ ئىش ھەققىم بىلەن ئائىلە تۇرمۇشۇمنى ئاران قامدايمەن، باللارنى يىلدا بىرەر قېتىم مەنزىرىلىك جايلارغا ئاپىرىپ ساياھەت قىلدۇرۇشقا پۇل ئېشىنالمايمەن. شۇڭا، بۇ قېتىم يەنىلا دېلىغۇل بولدۇم... باللار ماڭا ۋە ئانىسىغا يالۋۇردى، يېلىندى... ئاخىر ئۇلارنىڭ نالىسىگە چىدىماي ئاپىرىشقا ماقۇل بولدۇم. باللار شۇنداق خۇشال بولۇشتىكى، بۇنى ئىپادىلەپ بېرىشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ!

باللارغا تەييارلىق قىلىشنى بۇيرۇدۇم، ئۆزۈممۇ پۇختا تەييارلىق قىلىشىم كېرەك ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەييارلىق بولۇپ، بۇ، باللارنى كۆڭۈللۈك ساياھەت قىلدۇرۇشنىڭ جان تومۇرى ئىدى. باللارنىڭ ھە دېگەندىلا بىر نەرسىگە ئېسىلىشى، ئېلىپ بەر دەپ قەغىشلىك قىلىشى، كىشىلەر ئالدىدا ئىزاغا قالدۇرۇشى... كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. بۇ تەرەپلەرنى ئوبدان ئويلاشمىغاندا، ئادەمنىڭ ئىناۋىتىگە، سالاپەت ـ سۈپىتىگە تەسىر يېتەتتى. مەن بۇنىڭغا قارىتا، باللارنىڭ «ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى بابلاش» چارىسىنى ئويلىدىم.

— ئەمىسە، — دېدىم باللارغا، — سىلەرگە ئازراق پۇل بېرىمەن، ئاپتوبۇستا بېلەت ئالىسەن دەپ تۇرۇۋالسا شۇ پۇلنى

تۆلەيسىلەر، بىلەت سورۇشتۇرمىسە، شۇ پۇلنى ئۆزۈڭلار خەجلەيسىلەر. بىلەت ئېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرىمەن دېسەڭلارمۇ، قىينالساممۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرماي پۇلنى تېجەيمەن دېسەڭلارمۇ، ئىختىيارىڭلار، گەپ سىلەردە. لېكىن، مەن ئاكاڭلارنى «مالىيە ئەمەلدارى» قىلىپ تەيىنلەيمەن، ھېساباتنى شۇ بىر تەرەپ قىلىدۇ، ھە دېگەندە مېنى خاپا قىلساڭلار بولمايدۇ، ھەممىمىز ئاكاڭلار ئېلىپ بەرگەننى يەيمىز، ئاكاڭلار خەجلەپ بەرگەنگە ماقۇل دەيمىز، مەنمۇ ئاكاڭلارغا بويسۇنىمەن....

باللارنىڭ ھەممىسى چۇرقىرىشىپ ماقۇل بولدى. ئانىسى ئۇلارغا چىرايلىق نەسىھەتلەرنى قىلدى. مەن تۇنجى مەنزىلگە بارغۇچە كېتىدىغان بارلىق چىقىمنى مۆلچەرلەپ چوڭ ئوغلۇمغا 100 يۈەن بەردىم. شۇنداق قىلىپ، بىز يەتتە ئادەم سەپەرگە ئاتلاندۇق.

مەن ئوغلۇمدىن ئۇدۇللۇق ھېسابات خۇلاسىسىنى سورۇشتۇرۇپ تۇردۇم. كىرىم - چىقىم جايىدا، ساياھەت تەرتىپلىك، كۆڭۈللۈك داۋام قىلدى. ئوتتۇرانچى ئوغلۇم كەپسىزرەك ئىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ پۇلنى قىسىپ خەجلىشىگە قاراپ «مەنمۇ مالىيە ئەمەلدارى بولىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇنى ئاڭلاپ چوڭ ئوغلۇم قېيىداپ چالۋاقىدى، مەن بەزلىدىم. ئوتتۇرانچى ئوغلۇمغا:

— كەلگۈسىدە ھەممىڭلارنىڭ «مالىيە ئەمەلدارى» بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمما، ھازىر بۇنىڭغا ئامال يوق، سەنمۇ چوڭ بولساڭ، پۇل خەجلەشنى ۋە پۇل تېپىشنى بىلسەن، شۇنداقلا ياخشى ئوقۇساڭ چوقۇم «مالىيە ئەمەلدارى» بولالايسەن، — دېدىم.

ئۇ، بۇ گەپلەرگە بەك قايىل بولۇپمۇ، زەن سېلىپمۇ كەتمىدى.

— ئەمىسە، يەنە بىر قېتىمدا مەن «مالىيە ئەمەلدارى» بولىمەن، جۇمۇ، — دېدى.

بىزنىڭ «مالىيە ئەمەلدارى» مىز ئارىلىقتا سەككىز يۈەن 50

پۇڭ پۇلنى ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈرۈپ قويدى، مەن كايىپ كەتمىگەن بولسامۇ، ئۇ قاتتىق ئوڭايسىزلاندى، ئۆكىلىرى تاپا - تەنە قىلدى. مەن ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىپ: «ئۇنچىلىك سەۋەنلىك بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن، شۇنداق ئىش يۈز بەرسە ئۆزى تۆلەيدۇ» دېدىم. ئۆكىلىرى غوۋغا كۆتۈرۈپ: «تۆلىسۇن، تاماق يېمىسۇن، ئىچىملىك ئىچمەي، يەل - يېمىش يېمەي، پۇلنىڭ ئورنىنى تولدۇرسۇن» دېدى. ئۇ ماقۇل بولدى، كۆپ قېتىم مەندىن: «ئۇنى ئالىمەنمۇ، بۇنىڭغا بىر نەرسە ئېلىپ بەرسەم بولامدۇ؟» دەپ سورىدى؛ مەن: «مۇۋاپىق كۆرسەڭ ئال، مۇۋاپىق كۆرسەڭ بەر، لېكىن مەندە پىلاندىن ئارتۇق چىقىم قىلىپ بېرىدىغان پۇل يوق، ئۆزۈڭ بىر ئىش قىل» دەپ ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىش بېجىرىشىگە يول قويدۇم. ئايرىم چاغلاردا يول كۆرسەتتىم، مەسلىھەت بەردىم.

ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، تىنچ - ئامان ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. بىزنىڭ «مالىيە ئەمەلدار»ىمىز ساياھەت داۋامىدىكى ھېساباتنى تەپسىلىي خۇلاسىلەپ بەردى. ئۇ، ئەستايىدىل، ئەتراپلىق خاتىرە قالدۇرغان بولۇپ، مەن كۆزلىگەن ئىقتىسادىي چىقىم 30% ئەتراپىدا تېجىلىپ قاپتۇ. بۇ ئىش باللارنى ھەر جەھەتتىن چېنىقتۇردى. چوڭ ئوغلۇمنىڭ پۇل خەجلەش، تېجەش، يولۇققان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئاشتى، پۇل كۆز قارىشى، بولۇپمۇ ئىقتىساد كۆز قارىشى دەسلەپكى قەدەمدە تىكلەندى.

ئەلۋەتتە، بۇنداق ئەمەلىي چېنىقتۇرۇش باللارغا نىسبەتەن تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ، ئۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتى. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ باللارنى پۇل كۆز قارىشى بىلەن تەربىيىلەش ئۇسۇلى بار. يەھۇدىيلار باللىرىغا پۇل بېرىپ ئىش قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ پۇلغا چوقۇنۇشى بولماستىن، پۇلدىن ئىبارەت ۋاستە ئارقىلىق، باللاردا كىچىكىدىنلا قىممەت كۆزقارىشىنى

يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلمىدۇ، ياپونلار، خەنزۇلار، ئىنگلىزلار ۋە ئەرەبلەر بۇ جەھەتتە پەرقلىنىدۇ، شۇنداقلا بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزمۇ ئوخشاشمايدۇ، بىزنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ پۇل چۈشەنچىسى، قىممەت قارىشى تۆۋەن دېسەك خاتالاشمايمىز. ئائىلۇق، بىز بالىلىرىمىزنىڭ پۇل خەجلىشىنى توسىمىز، پۇل تېپىشىنىمۇ توسىمىز، ئۇلارغا پۇل بېرىشكە توغرا كەلگەندە، زورلىقىش بىلەن «تولغىنىشىپ» تۇرۇپ، تەستە بېرىمىز؛ جايىدا ئىشلىتىلىدىغان چاغدا بەرمەي، ئورۇنسىز ۋاقىتلاردا بېرىمىز؛ ئۆزىمىز پۇل خەجلەشكە قىيىق بولغاچقا، بالىلارغا يېڭى ئۇسۇلدا پۇل خەجلەشنى ئۆگەتمەيمىز، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پۇل تېپىشنى ياكى پۇل خەجلەشنى بىلمەيدىغان «ئۆزىمىز» بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. دەپ كەلسەك بۇنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپ.

## پۇل بىلەن كۆڭۈل ياساش

ئەقلىمگە كەلسەم، كىشىلەر بالىلارغا پۇل بېرىشنى ھەم يامان كۆرىدىكەن، ھەم ياخشى كۆرىدىكەن. مەن ھازىر دادا بولدۇم، چوڭ ئوغلۇم 11 ياشقا كىردى، قۇرامىغا يارىشا ئەقىل ئىگىسىگە ئايلاندى. دېمەك، ئارىدىن بىر دەۋر ئۆتتى، ئەۋلاد ئالماشتى، ئەمما، بىزنىڭ كىشىلىرىمىزدىكى بالىلارغا پۇل بېرىش ئادىتى قىلچە ئۆزگەرمىدى. مەن ئۆزۈمنى ئاڭلىق ساناپ، بۇنى ئۆزگەرتتىم دېگىنىم بىلەن تەلتۆكۈس ئۆزگەرتەلمىدىم، ئەمەلىيەتتە بولسا قىسمەن، ئىدىيەمدە تولۇق ئۆزگەرتتىم؛ ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى خىيالىم ئىزچىل تۈردە ئىلغار، ئېچىۋېتىلگەن ھالغا يەتتى. بۇ خىيالىمنى كىشىلەر ئالدىدا ئاشكارىلىغانىدىم، دەسلەپتە ئالدىمدا توغرا تاپتى، ئارقامدىن بولسا ئۇچى - بۇچى دەپ غاجىدى. بۇنداق سۆزلەر قۇلىقىمغا كىرگەندە ئوڭايسىزلاندىم، تۇرۇپ بىر قىسما بولدۇم، لېكىن نىيىتىمدىن يانمىدىم. كۆرۈنۈشتە ھېسسىياتىمدىكىنى

ئاشكارىلىماي، رېئاللىق بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش قىلدىم، رېئاللىقنى كۆڭلۈمدىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنىڭ بىر ئۆلچىمى قىلدىم؛ ئادەملەر ئۆگىنىپ قالغان ئادەتنى ئۆزگەرتىش تولىمۇ قىيىن ئىكەن، ئۇنىڭغا ئۇزاق جەريان ۋە بەدەل تۆلەش كېتىدىغان گەپ ئىكەن. ئۆزى يەيدىغان ئاش - ناننى قويىدىغان داستىخانغا دەسسەيدىغان بىز خەقنى بۇنداق قالاق ئىسكەنجىدىن تارتىپ ئېلىش ئاسان ئىش دەمسىلەر؟!

ھەر يىلى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كېلىدىغان بولسا، بالىلىرىمىز شادلىققا تولىدۇ. ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە پەتىلەپ كېلىدىغان مېھمانلار بېرىدىغان «ھېيتلىق پۇل» لارنى ئېلىشقا خۇشتار. ھېيت ھارپىسىدا بانكىلار پارچە پۇل تېگىشىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، پارچە، يېڭى پۇل جىددىيلىكى ھەممىلا يەرنى قاپلايدۇ. چوڭراق ئىدارىدىكىلەرگە 10 مىڭ، 20 مىڭ يۈەن پارچە پۇل ئاران يېتىدۇ، چوڭلار بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، پارچە پۇل تېگىشىپ قويمىسا، خىجىلچىلىق يۈز بېرىدۇ. بۇ مەزگىل بالىلارنىڭ قولى پۇل كۆرىدىغان خاسىيەتلىك «ھوسۇل پەسلى» ھېسابلىنىدۇ، ھېيتلىق پۇل بالىلارغا ياخشى كۆرۈنۈش، سېخىيلىقنى ئىپادىلەش، ئۇلارنىڭ ھېيتنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدۇ، بۇ تەرىپىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئالايلۇق، كىشىلەر ئۆزئارا پەتىلەشكەندە، ئۆي ئىگىسىنىڭ بالىسى، شۇنداقلا بىللە ئويناۋاتقان بالىلارغا ھېيتلىق بېرىدۇ؛ بۇ كۆپ ھاللاردا پەرقلىق بولۇپ، ئىگىسىنىڭ بالىسىغا كۆپرەك، يات بالىلارغا ئازراق بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق شۇ كىشى ياخشى كۆڭلىنى، دوستانە مۇناسىۋەتنى قەدىرلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «ھېيتلىق پۇل» بېرىش تولا چاغلاردا سەممىمي، قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە بولىدۇ، بۇ خىل تەبىئىي تۇيغۇ ۋە ئامراقلىق - مەردلىك سىماسىنى جۇلالاندۇرۇپ، ھەر ئىككى تەرەپتە سېخىيلىق گۈللىرىنى ئېچىلدۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، پۇلنى يامان

كۆرۈش تۇيغۇسىمۇ يوق بولىدۇ.

بالىلارغا پۇل بەرسە بولمايدۇ، دەپ قارايدىغان كىشىلەرگە كەلسەك، بۇ ئاشۇنداق تۇيغۇنى ئۆرنەك قىلغانلار بولۇپ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۆزى بەرمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، باشقىلار بالىلىرىغا پۇل بەرسىمۇ خاپا بولىدۇ، قىزىق يېرى شۇكى، باشقىلارنىڭ ئۆز بالىسىغا پۇل بېرىشىنى ياقتۇرمايدۇ - يۇ، ئۆزى باشقىلارنىڭ بالىلىرىغا پۇل بېرىشكە ئامراق كېلىدۇ، «مەن بالىلىرىمغا باشقىلارنىڭ پۇل بېرىشىنى ياقتۇرمىغاندىكىن، مەنمۇ باشقىلارنىڭ بالىلىرىغا خالىغانچە پۇل بەرسەم بولماس» دېمەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىلىپ تۇرۇپ زورمۇزور قىلىنىدىغان «ھۆرمەت»نى، «ياخشى نىيەت»نىڭ ئىپادىلىنىشىنى ھەرقانداق ئادەم باتۇرلۇق بىلەن بۇزالمايدىكەن - دە! قارىمۇ قارشى بولغان بۇ زىددىيەتلىك مەسىلە بىرسىنى بىرسى ئىنكار قىلىش ئورنىغا، ئەكسىچە ئۆزئارا تولۇقلاپ داۋام قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ ھەركىتى بالىلارغا پۇل بېرىش ياخشى ئىش، ھېسسىياتى بولسا ياخشى ئىش ئەمەس بويىچە قېلىپلىشىدىكەن.

مەن ھەرپىلەرنى ھەجىلەشتىن ھالقىپ، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇغۇدەك بولغاندىن بۇيان، خىلمۇخىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ پۇل ۋە بالىلار توغرىسىدىكى تەشۋىقاتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بالىلارغا پۇل بېرىش زىيانلىق، قالايمىقان پۇل بېرىش تېخىمۇ توغرا ئەمەس ۋەھاكازا دېگەنلەرنى ئۇچرىتىمەن. تەشۋىقاتتىكى بۇ خىل ئۇقۇمنىڭ يوقىلىشى تۇگۇل، ئازراق ئاجىزلاشقانلىقىنى كۆرمىدىم. ئەمما، ئاشۇنداق تەشۋىقاتلارنىڭ بىرەرسىدە جانلىق پاكىت بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدىغان ھېچقانداق ئەھۋال كۆرسىتىلمىدى. بەلكى ئابستراكت ئۇقۇملار بىلەن تولغان جۈملىلەر ئارقىلىق، بالىلارغا پۇل بېرىشتىن ساقلىنىشنىڭ يولى، تۈزىتىشنىڭ چارىسى قاتارلىقلار سۆزلەندى. كىشىلەر ھېلىھەم مۇشۇ خىل چۈشەكتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى، يەنى، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، پۇلغا بولغان چۈشەنچە يېڭىلانغان، قاراش تەدرىجى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، بالىلارغا پۇل بېرىش

خاتا، دېگەن چۈشەنچىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. ھالبۇكى، باللارغا پۇل بېرىش راستتىنلا زىيانلىقمۇ؟ بەلكىم، كىشىلەرنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنىڭ مەلۇم ئاساسى باردۇر ياكى ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوقتۇر. ئاساسى بولۇشى مۇمكىن دېگىنىمىز، سەلبىي تەرەپكە باغلىق، ئاساسى يوق دېگىنىمىز، ئىجابىي تەرەپكە باغلىق بولۇپ، باللارغا پۇل بېرىشنىڭ ئەھمىيىتىگە قارىتىلغان. چۈنكى، بىز كۆپ ھاللاردا سەلبىي تەرەپكە، يەنى باللارغا پۇل بەرسە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەن قاراشقا ئېسىلىۋالىمىز، مانا مۇشۇ تەرەپ كۆزىمىزگە بەكرەك تاشلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىۋالىمىز ـ دە، ئاخىردا خاتا چۈشەنچىنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك، بىرەر ئىشقا ئۆلچەم قىلىۋالىمىز، ئۇنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ئورۇنغا قويىمىز. مېنىڭچە، باللارغا پۇل بېرىش خاتا، دېگەن دوگما چۈشەنچىمۇ دەل مۇشۇنداق تونۇشتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى دەلىللەش يەنىلا بىزنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئويلىنىشىمىزنىڭ ئەتراپلىق، ئەستايىدىل، تەتقىقاتىمىزنىڭ چوڭقۇر بولۇشىغا باغلىقتۇر. بىز بۇ مەسىلىدە سەلبىي تەرەپكىمۇ، ئىجابىي تەرەپكىمۇ توغرا قاراپ، پەرقىنى، ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكنى، ئوبيېكتىپ پاكىتنى ئاساس قىلغان سېلىشتۇرۇشنى قانات يايدۇرساق، باللارغا پۇل بېرىشنىڭ خاتا ياكى خاتا ئەمەسلىكىنى چۈشىنەلەيمىز؛ قارىشىمىزدىكى دوگما چۈشەنچىلەرنى ئىنكار قىلالايمىز.

## باللار پۇلدارلاردىن بولسۇن

باللارغا پۇل بېرىش راستتىنلا زىيانلىقمۇ؟! مېنىڭچە، ئۇنداق ئەمەس. بۇ قارىشىمنى كىشىلەرنىڭ ئىنكار قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن يەنىلا شۇنداق دەيمەنكى، باللارغا مۇۋاپىق ھالدا پۇل بېرىشنىڭ پايدىسى باركى، ھېچقانداق زىيىنى يوق!

تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا ئىقتىسادقا ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشقا تايىنىپ يۈكسىلىشكە موھتاج. بۇنىڭ نېگىزى

يەنىلا ئالماشتۇرۇش ۋاستىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى بولغان پۇلغا تاقىلىدۇ. ھالبۇكى، ئالماشتۇرۇش يالغۇز چوڭلارغا خاس پائالىيەت بولماستىن، بەلكى ھەممىگە باب كېلىدۇ. ھەممىنىڭ ئورتاق پايدىلىنىشىغا، تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تايىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، جەمئىيەت ھەممىلا ئادەمنىڭ ئورتاق پۇل پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. جۇملىدىن بۇ بالىلارنىڭ پۇل بىلەن تونۇشۇشى پۇل خەجلىشى، پۇلنى بىر تەرەپ قىلىشىنى چەتكە قاقمايدۇ. بىز ھەمىشە كېلەچەك بالىلارغا مەنسۇپ دەيمىز - يۇ، ئەمما بۇ تەرەپكە تولىمۇ يۈزە قارايمىز. دۇنيا ئىقتىسادىنى ئىلگىگە ئالغان يەھۇدىي مىللىتى بۇ نۇقتىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار بالىلارنىڭ كىچىكىدىن پۇلنى توغرا، ئۇنۇملۇك بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىشقا بۇيرۇغاندا پۇلنى ئۆلچەم قىلىپ (پۇل بېرىپ) قىلدۇرىدۇ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىكاردىن بىكار پۇل بەرمەيدۇ؛ ئىشنى پۇلغا قىزىقتۇرۇپ قىلدۇرۇشنى توغرا، خوش قىلىش مەقسىتىدە پۇل بېرىشنى خاتا دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىرىدا پۇل توپەيلى غەيرىي يامان ئىللەتلىك بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ، دەل ئەكسىچە، ئەڭ ياراملىق، ئەڭ قابىلىيەتلىك بولۇپ يېتىشىدۇ. ئايرىم كىشىلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى، شۇڭا ھەممىدە پۇلغا تايىنىپ شۇنداق قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى بولمىسا كېرەك، پۇلى كۆپ ئادەم بالىلىرىنى بىزگە ئوخشاش كۆزىگە قاراپ، ھۇرۇن، ئىشقا كېرەككە كەلمەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەش كېرەكمۇ ياكى تېخىمۇ يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلىشى كېرەكمۇ؟ يەھۇدىيلار بىلەن بولغان پەرقىمىز مانا مۇشۇ يەردىكى، ئۇلار بالىنى پۇل تاپقانسېرى قاتتىق باشقۇرىدۇ، بىز بالىلىرىمىزنى پۇل تاپقانسېرى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ تامىقىنى ئۆزى يېيەلمەيدىغان قىلىپ قويىمىز. يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىدىن، يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان ئىشقا قاراپ پۇل بېرىشىنىڭ مەقسىتى

باشقا، مەنىسى باشقا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

بىز نامرات بىر مىللەت، شۇڭا، ھەرقانداق ئۇقۇمنى دوگما، قاتمال ھالدىلا ئىستېمال قىلىمىز. بالىلارغا پۇل بېرىشتىمۇ شۇنداق. بىردە ئۇلارغا پۇل بېرىشنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىمىز، يەنە بىردە ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمىز. شۇنى بىلىش كېرەككى، پۇلى يوقنىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولمايدۇ، پەمى كالتە، ئەقلى چولتا بولىدۇ. بىزنىڭ پۇلغا ھېلىقىدەك مۇئامىلە قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. قەلب قاتلاملىرىمىز پۇل قىسىنچىلىقى ۋە پۇل پىخسىقلىقى بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن بولغاچقا، خاتا قاراشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئاسانلىقچە بۆسۈپ چىقالمايمىز، ئاجىزلىقلىرىمىزنى تونۇتىشكە قىزىقمايمىز. بۇ خىل يېتەرسىزلىكلىرىمىز بالىلارغا مىراس قالسا بولامدۇ؟ ياق! چۈنكى، بالىلار كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، ياراتقۇچىلىرى، ئۇلار پۇل خەجلەشنى بىلىشى ۋە پۇلنى ئوبوروت قىلىشنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپلا پۇل خەجلەشنى ۋە پۇل تېپىشنى بىلمىسە، كېلەچەكنىڭ ماددىي ئاساسىنى يارىتالمايدۇ، كەلگۈسىنىڭ مۇستەھكەم ئىگىسى بولالمايدۇ. ئۇلاردا ھازىرقى زاماننىڭ يېڭىچە، كەلگۈسىنىڭ ئۆزگىچە تەرەققىيات كۆزقارىشى، بولۇپمۇ قىممەت قانۇنىيىتى، قىممەت قارىشى تونۇغۇزۇلمايدىكەن، ئىقتىسادقا ئاجىز، مەدەنىيەتتە ساپاسىز، ئەقىل ـ پاراسەتتە چولتا كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىدۇ ـ دە، ھايات، تۇرمۇش لەززىتىنى ئۆزى ۋە باشقىلارغا ھېس قىلدۇرالمايدۇ. بالىلار نامرات مەدەنىيەتنىڭ ئەلچىلىرى بولماي، باي، پۇلدارلارنىڭ سىيماسى بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى ۋە كەلگۈسىنى، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى، ئۆزىنى ۋە خەلقنى، ئۆزىنى ۋە ئانا تۇپرىقىنى قۇدرەت تاپقۇزالايدۇ.

## بالىلارغا پۇل بېرەيلى، ئەمما...

ـ مەن بالىلارغا خالىغاندا، دېگەن هامان پۇل بېرىشكە

بەكمۇ ئۆچ، بۇنداق قىلىش تەجرىبىسىزلىك بولۇپ، ئۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويىدۇ، ـ دېدى بىر دوستۇم، ـ پۇلغا كۆنۈپ قالغان باللاردا بىر خىل پۇل خۇمارى بولىدۇ، پۇلنى ئالغان ھامان بىر نەرسە ئالىدۇ، تەربىيە بەرسە ئۇنىمايدۇ، يامان يېرى، يېسىلا زىيان قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ يەپ كېسەل بولىدۇ، داۋالىتىمىز دەپ بىر مۇنچە چىقىم تارتىمىز. شۇڭا، مەن باللارغا ئالدىراپ پۇل بەرمەيمەن، ئايالىم پۇلنى مەن كۆرمەستە بېرىپ، مېنىڭ ھېسسىياتىمغا خىلاپ ئىش قىلىدۇ، باللار مەندىن پۇل سورىماي، ئانىسىدىن سورايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئەر - خوتۇن پات - پات سوقۇشۇپمۇ قالىمىز. بالا دېگەنگە پۇل بەرمەي، ئېچىن - توقۇن باقسا چېنىقىدۇ، پۇلنى قانداق تاپقىلى، نانى قانداق يېگىلى بولىدىغانلىقىنى ئاندىن چۈشىنىدۇ. پۇل بەرسە يامان ئۆگىنىدۇكى، ئاتا - ئانىسىنىڭ دېگەن يېرىدىن ھەرگىز چىقمايدۇ...

بۇ گەپلەرنىڭ قانچىلىك ئاساسى بارلىقىغا ھازىرچە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيمىز. ئەمما، تېگىدىن ئالغاندا، بۇنداق قاراشنىڭ ئانچە ئاساسى يوق. باللارغا پۇلنى قالايمىقان بېرىش بىلەن مۇۋاپىق، جايىدا بېرىشنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. پۇلنى قالايمىقان بېرىش راستىنلا ياخشى ئىش ئەمەس، مۇۋاپىق بېرىش، جايىدا بېرىش باللارغا پۇل خەجلەش سەنئىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئۆگىتىپ، ۋۇجۇدىدا ساغلام روھىي ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. باللاردا ساغلام روھىي ھالەت، مەۋقە، چۈشەنچە يېتىلسە، قالايمىقان بېرىلگەن پۇلمۇ جايىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باللارغا پەقەت پۇل بەرمەسلىكنىڭ ئۆزى ياخشى ئىش ئەمەس، ئاز - تولا پۇل بېرىش كېرەك، ئەمما يېتەكچى ئىدىيە ۋە نىشان توغرا بولۇشى كېرەك. باللارغا پۇل بەرسەم يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ، دەپ باللاردىن ئاغرىنىشنىڭ ئورنى يوق، گەپ باللارنى قانداق تەربىيىلەشمىزگە باغلىق. ئۇلارنى قانداق تەربىيىلەش چوڭقۇر

ئويلىنىشىمىزغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. مېنىڭچە، باللارنىڭ پۇلغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. باللارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە چۈشەنچىسى تەدرىجىي يېتىلىدۇ، ئۇلار نەرسىلەرگە يۈزەكى چۈشەنچىدە مۇئامىلە قىلىدۇ؛ ئاڭ، جىسمانىي قابىلىيەتنىڭ يېتىلىشى ۋە سىرتقى كۈچلەرنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا شەيئىلەرگە بولغان قارىشى مۇرەككەپلىشىدۇ، چۈشەنچىسى روشەنلىشىدۇ. باللار پۇلغا يۈزەكى قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار تەربىيەلەشكە ۋە چۈشىنىشكە موھتاج بولىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلىش ئاتا - ئانىلارنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، جۈملىدىن ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ مۇھىم بىر مەسئۇلىيىتى. مىللىتىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە، پسىخولوگىيە جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى، مەسىلىلەرگە يۈزەكى قاراش ئادىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئاتا - ئانىلار باللارغا پۇل ھەققىدە ياخشى چۈشەنچە بەرمەيدۇ، باللاردا كىچىكىدىن باشلاپلا توغرا پۇل چۈشەنچىسىنى يېتىلدۈرۈشكە نۇقسان يەتكۈزۈپ، ماددىي دۇنيا ۋە ئىقتىساد قارىشىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇنداق قىلىشى باللارنىڭ كىچىكىدىنلا تېجەشلىك، ئاددىي - ساددا، پۇلغا كۆزى توق، پۇلدىن يىرگىنىدىغان، پۇلغا ئۆزىنى ئۇرمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەشتىن ئىبارەت نادانلارچە كۆز قاراشتىن كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە، باللارغا قارىتىلغان بۇ خىل تەربىيە ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك نەتىجە بەرمەيدۇ. چۈنكى، بىز ھە دېسىلا خىيالىمىزدىكى ئاشۇ قاراشنى تەكىتلەيمىز، ھەتتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىمىز، لېكىن، مەسىلىنىڭ ئىككىنچى بىر تەرىپىگە، يەنى پۇلنىڭ ئۇنچىۋالا ئەسكى نەرسە ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ئارتۇقچىلىقى، ئالاھىدىلىكى بارلىقىغا سەل قارايمىز. مانا بۇ باللاردا گۇمان پەيدا قىلىپ قويىدۇ. سەۋەبى،بىزنىڭ پۇلغا بولغان مۇئامىلىمىز باللارغا تەشۋىق قىلغاندەك بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئىنتىلىمىز، ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمىز ۋە تىرىشىپ -

تىرمىشىپ يىغىمىز؛ ئۇنى خەجلەپ ئەيش - ئىشرەت قىلىمىز... بالىلار ھامان بۇنى كۆرىدۇ ياكى ھېس قىلماي قالمايدۇ. نەتىجىدە، بالىلاردا ئاتا - ئانىلارغا قارىتا، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بىلەن قىلغىنىڭلار ئوخشاشمايدىكەنغۇ؟ دېگەن تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ ۋە ئاندىن ئۆزىگە پۇل نەدە ئەسكى، نەدە مەينەت؟! سەندىكى پۇل ساڭا ئەسكىلىك قىلمىدىغۇ؟ مەينەت بولسا بىرەر يېرىڭ مەينەت بولمىدىغۇ، مەينەت پۇلنى نېمىشقا خەجلەيسەن، مەينەت بولسىمۇ، بىر نەرسە ئالساڭ بېرىدىكەنغۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى قويىدۇ. بۇ ھالدا پۇل بالىلارنىڭ ئېڭىدا، ئاتا - ئانىلارنىڭ چىدىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئەسكى، مەينەت نەرسە دەپ ئاتىلىپ قالغان خاسىيەتلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ - دە، ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بايىقىدەك چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئىشەنمەس بولۇپ قالىدۇ ۋە كۆڭلىدە غايىبانە يوسۇندا پۇلغا ئىنتىلىش ئىدىيەسى يېتىلىدۇ. نەتىجىدە، ئاتا - ئانىلاردىن يوشۇرۇن پۇل تېپىش، پۇل خەجلەش كويىدا بولىدۇ، بەتخەجلىك ھېسسىياتىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. بالىلارنى بۇ خىل ھېسسىيات ۋە كىشەنلەرنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاشتا، چوقۇم پۇلنىڭ كۆپ تەرەپلىك خۇسۇسىيىتى بىلەن يېتەرسىزلىك، ئارتۇقچىلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، ھە دېسە بىر تەرەپلىمە ھالدا پۇل ئۇنداق ئەسكى، مۇنداق مەينەت دېمەسلىك، پۇلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشەندۈرۈش؛ تېجەش، بۇزماسلىق، بىھۇدە پۇل خەجلىمەسلىك، پۇل خەجلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردا جۈرئەتلىك بولۇش قاتارلىق تەرەپلەرنى چوڭقۇر، ئەستايىدىل، جانلىق مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈش كېرەك.

## ئەدەپلىك بالىنىڭ تاپاۋەت سىرى

مەن تونۇش - بىلىشلىرىمنىڭ ئۆيىگە بارسام، بەش ياشتىن

تۆۋەن بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن يوشۇرۇن ھالدا پۇل تەلەپ قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىپ قالىمەن. بۇ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە، بولۇپمۇ زىيالىي، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىلىرىدە كۆرۈلۈپ قالىدىغان ئىش. بۇنى توسقىلى، يىلتىزىدىن تۈگەتكىلى بولامدۇ - يوق؟ مېنىڭچە بۇنى تۈگىتىش قىيىن ئەمەس، بۇ ئۆزىمىزگە باغلىق بولۇپ، ئاڭلىقلىق بۇنى تۈگىتىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى.

بىر كۈنى ئۆيگە كەلگەن بىر مېھمان بالامنى چاقىرىپ پۇل تەڭلىدى. مەن دەرھال توستۇم، ئوغلۇممۇ رەت قىلىپ پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— ھەي، ئالمىسا بولمايدۇ، مەن رەنجىپ قالىمەن، كىچىك بالا دېگەن پۇل خەجلىسە خۇش بولىدۇ، ئازغىنا پۇلغۇ بۇ، تويغۇلۇق ئەمەس! تۇتۇڭ ئەكەك.

ئۇ شۇنداق دەپ ئوغلۇمنى ئېلىشقا مەجبۇرلىدى. ئوغلۇم ئاخىر تاشلاپ قاچتى.

— سىلىنىڭ بالىلار ئەجەبكىنە؟ — دېدى مېھمان، — مېنىڭ بالىلىرىم ئۆيگە كەلگەن مېھماندىن پۇل ئالمىسا ئۇنىمايدۇ، ئالىقىنىغا پۇل كىردىما ئۆيگە كىرمەيدۇ! — ئۇنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرىگە ھەم بالىسىدىن نەپرەتلىنىش، ھەم بىر خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئارىلاشقانىدى، — ئۇلارنى ئۆيگە كەلگەن مېھمان، دوست - بۇرادەرلەر، ئۇرۇق - تۇغقان، يۇرتداشلار ئاشۇنداق يامان ئۆگىتىپ قويىدى. ئۇلار كىچىك بالىلارنى خۇش بولىدۇ دەپ، قالايمىقان پۇل بېرىپ تاماخور قىلىپ قويىدىكەن. دەسلەپ بىزمۇ مەيلى دەپتىمىز، كېيىنچە ئويلىنىپ، مەيلى دېسەك بولمايدىكەن دېدۇق - يۇ، لېكىن توسۇشقا مۇمكىن بولمىدى. تۈزىتىمىز دەپ تۈزىتەلمىدۇق، ھازىر چوڭ ئوغلۇم بەش ياشقا، كىچىكى ئۈچ يېرىم ياشقا كىردى؛ ئۇلارنىڭ پۇل ئېلىشتىكى ئۇستاتلىقىنى دېمەيسىز، ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، خۇددى مەدداھ - ۋائىزلارنىڭ

شاگىرتىدەك پۇل بەرگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىدۇ. باللارنى كەچتە ئېلىپ كەلسەم، ئۇلار يەنە ئۆيدە ئولتۇرماي ئىشىك ئالدىدا ئوينايدۇ. تونۇشلىرىم، تۇغقانلار، ھەتتا ئۆزلىرى تونۇيدىغانلار ئۆتۈپ قالسا، ئۇلارنىڭ پۇل بېرىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن، مەن بۇنى كېيىن بىلدىم. باللارنىڭ ئالدىنئالا قوللىنىدىغان ئۇسۇلى ئۇلارغا چوڭلاردەك سالاپەت بىلەن سالام بەجا كەلتۈرۈش، ئاندىن ئۆيگە تەكلىپ قىلىش بولۇپ، ئۇلار «خۇش» دەپ ماڭسا، «ئەمىسە، ئۆيگە كىرمىسەڭ پۇل بېرىپ ماڭىسەن، بولمىسا ماڭغۇزمايمەن» دەپ تۇرۇۋالىدىكەن ياكى پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەيدىكەن؛ سېغىز كەمپۈت، شاكىلات... ئېلىپ بېرىشكە مەجبۇرلايدىكەن، تونۇشلار بۇنداق ئەھۋالدا نائىلاج پۇل بېرىدىكەن. باللار پۇلنى ئېلىپلا، ھېلىقى سىلىق - سىپايىلىقى، كۆيۈمچانلىقى نەلەرگىدۇر غايىب بولىدىكەن - دە، بىرەر نەرسىنى سېتىۋېلىپ يېيىشكە ئالدىرايدىكەن. دەسلەپ باللارنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرگىنىمىزدە: «كىم بەردى، نەدىن ئالدىڭ؟» دەپ سۈرۈشتە قىلىپ، بۇنداق ئەسكى قىلىقنى تاشلاش ھەققىدە تەربىيە بەردۇق. باللار ئاغزىدا «ماقۇل» دېدى - يۇ، لېكىن، يەنە شۇنداق قىلدى. ئاخىر: «گەپ ئاڭلىمىغان قۇلىقىڭ مۇشۇمۇ» دەپ قۇلىقىنى سوزدۇق، ئۇردۇق. باللار: «بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن» دەپ يىغلاپ تۇرۇپ ۋەدە بەرگىنى بىلەن يەنىلا ئۈنۈمى بولمىدى. ئويلىدىمكى، پۇل دېگەن شۇ قەدەر جەلپكار، ئوتلۇق نەرسە ئىكەن، يېقىنلاشقان كىشى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتالمايدىكەن، سەبىي باللارنىڭ بۇ ئىشلىرى ئادەمنى ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. پۇل دېگەن نەرسىگە كىچىك باللاردا شۇنچە ئوت بولغان يەردە، چوڭلاردا بولمامدۇ؟! چوڭلاردىكى پۇلغا بولغان ھېرىسمەنلىكنى نېمىدەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟! ھەي پۇل، نېمانچە مېھرىلىك نەرسە- ھە!...

باللارنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەن ۋە بازارغا چىقساق تونۇشلار ئۇچرىغان چاغدا: «پۇل بەر» دەپ تۇرۇۋالىدىغان

ئەسكىلىكلىرىنى دېمەمسىز. نەدە ئۆيىاتلىق مېھمان كەلگەندە ئادەمنى ئۆلگۈدەك نومۇس قىلدۇرىدۇ. ھەرقانچە غەزىپىڭ ئۆرلىسىمۇ، ئۇلارنى ئۇرۇۋېرەي دېسە تېخى بولمىغان، سولاپ قويغىلى تېخى بولمىغان، ئاخىر ئامالسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان گەپ. شۇڭا، ئۆيگە مېھمان كەلسە يۇرىكىم «جىغ» قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۆيدە باللار بولمىسا خۇش بولىمەن، بىرسى مېھمان كەلگەننى بىلسە، يەنە بىرسىگە: «مېھمان كەلدى، پۇل ئالمايمىزمۇ» دەپ چاقىرىدۇ. ئەيۇھانناس دەيدۇ كىشى. باللار شۇ ھامان ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۆيگە ئۇنۇپ بولىدۇ. ئاشۇنداق چاغدا پۇل بېرىپ يولغا سالساق، ئالىدىغاننى ئېلىپ كىرىپلا يەنە مېھمانغا ھەمراھ بولىدۇ. مېھمان تونۇش بولسا باشقىچە، ناتونۇش بولسا باشقىچە گەپلەرنى قىلىدۇ، ناتونۇشلاردىن:

— نەدىن كەلدىڭىز ئاكا، ئىسمىڭىز نېمە، قانچە بالىڭىز بار، ئۇلار مەندەك ئەسكىمۇ؟ — دېگەندەك سوئاللارنى سورايدۇ. مېھمان ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئوماق سۆزلىرىدىن سۆيۈنىدۇ، ئاندىن پاراڭ داۋاملىشىدۇ.

— يانچۇقۇڭدا پۇلۇڭ بارمۇ؟ — دەيدۇ بالا.

— بار.

— قانچە پۇلۇڭ بار؟

— خېلى كۆپ.

— پۈتۈن پۇلمۇ ياكى پارچە پۇلمۇ؟

— ھەر ئىككىلىسى بار.

— ئالە قېنى! مەن كۆرۈپ باقاي.

— ھەي، پۇلى يوق بىچارە... دادامدا پۇل جىق، ئەكىرىپ ساڭا كۆرسىتىپ قويايمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە ئۆزۈڭدىكى پۇلنى ئالە قېنى!

بۇنداق «مەجبۇرىيەت» ئالدىدا مېھمان ئالماي ئىلاج

تاپالمايدۇ. نەتىجىدە، بالىلارغا يەنە پۇل بەرگۈسى كېلىپ قالىدۇ. مۇبادا يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ شۇنداق كۆرسىتىپ قويۇپلا يانچۇقىغا سېلىۋەتمەكچى بولسا، بالىلار:

— ئارىسىنى ئاچە، پارچە پۇل بارمۇ؟ — دەيدۇ.

— نېمە قىلىسەن؟

— پوپوتاك ئالاتتىم. پارچە پۇل بولمىسا، پارچىلاپ ئېلىپ كىرىمەن، دۇكانچىدا پارچە پۇل جىق...

بۇنداق چۆچۈك گەپلەرنى ئاڭلىغان مېھمان پىخسىقلىق قىلىپ ئولتۇرالامدۇ؟! مۇبادا بالىلار مېھمان بار ئۆيگە كىرەلمىسە، ئاللا ـ تووۋا سېلىپ، يىغلاپ تۇرۇۋالىدۇ، بىزنى مېھمان ئالدىدا ئۆلتۈرىدۇ. بالىلىرىمىزنىڭ بۇنداق يارىماس قىلىقىنى كۆرگەندە تۇرۇپ قالتىس ئاچچىقىم كېلىدۇ؛ تۇرۇپ سەل چوڭ بولسا تۈزىلەر دەپ ئۆزۈمگە هاي بېرىمەن، ئايالىم گاھىدا نومۇسقا ئۆلدۈم دەپ ئۆزىنى كاچاتلايدۇ. ئىككى بالىنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلاشقانلىقىنى، بىر ـ بىرىدىن پۇل تالاشماي تەڭ خەجلەيدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، تۈزىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزىمەن، خاتىرجەم بولىمەن؛ ئەقىللىق، هوشيار ئىكەنلىكىنى كۆرسەم پەخىرلىنىمەن، سۆيۈنىمەن. قىسقىسى، كىچىك بالىلارغا قالايمىقان پۇل بېرىپ يامان ئۆگىتىپ قويۇشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىكەن...

ئەلۋەتتە، بۇ بىر ئادەمنىڭ ئاددىي كەچۈرمىشى، بەلكىم بۇنىڭدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ چۈشكۈدەك، ئۆزگىچە كەچۈرمىشى بار ئادەملەر باردۇر. مېنىڭچە، كىچىك بالىلارغا پۇل بېرىشتە ۋاقىت تاللاش تولىمۇ زۆرۈر دەپ قارايمەن. بۇ ھەرگىزمۇ بالىلارغا پۇلنى ئەقىل ـ هوشىنى تاپقاندا بېرىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بالىلارغا پۇل بېرىشنىڭ ھېچقانداق يامان تەرىپى يوق، بەلكى پايدىلىق تەرىپى كۆپ. بۇ يەردىكى گەپ بالىلارغا پۇل بەرگەندە، ۋاقىت، سورۇن، پۇرسەتنى تاللاشقا دىققەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا پۇل بېرىشتە ئىنچىكە ئەھمىيەت

بەرمەي كېلىۋاتقان ئىش مانا مۇشۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا قانداق ۋاقىت، قانداق سورۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سۇرۇشتە قىلىپ ئولتۇرمايلا قالايمىقان پۇل بېرىپ ئۆگىتىپ قويىدۇ، ھەتتا بالىلار پۇل سورىمىسىمۇ بېرىۋېرىدۇ، سورىغان ھالەتتىمۇ نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى سۇرۇشتە قىلماي بېرىدۇ، گاھىدا تېخى ئىشلىتىش مىقدارىدىن ئاز ياكى كۆپ بېرىدىغان ئىشمۇ ئۇچرايدۇ، بۇ خىل پىلانسىزلىق بالىلاردا ئوخشاش بولمىغان تەسىراتلارنى پەيدا قىلىدۇ؛ ئاز بەرسە شۇ ئىشقا ئىشلەتمەي باشقا نەرسىلەرگە بۇزىدۇ، كۆپ بەرسە ئاشقان قىسمىنى بۇزۇپ چاچىدۇ. بالىلارنىڭ بەتخەج، ئىسراپخور، پۇلخۇمار بولۇپ قىلىشىدىكى ئاساسىي ئامىل يۇقىرىقى بىرقانچە تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىز، ئەخلاق قارىشىمىز، ئۆرپ - ئادەت قارىشىمىز، ۋاقىت، پۇرسەت قارىشىمىز، تاللاش، شاللاش، تەربىيەلەش، يېتەكلەش ئېڭىمىز تۆۋەن، مەۋقەيىمىز روشەن ئەمەس. مەسىلەن ئالايلى، بىز يورۇق دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بالىلارغا قاراپ سۆيۈنىمىز ۋە قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ تەبرىكلەيمىز، ئەمدى تۇغۇلغان بوۋاق پۇلنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمدۇ - يوق، بۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشمايمىز. بۇ گەرچە بالىلارغا بولغان ياخشى كۆڭۈلنى ئىپادىلەش، پۇلدەك ئەتىۋارلاش ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە قىلىدىغان ئىش بولسىمۇ، بوۋاق ئۇچۇن قىلچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى نەزىرىمىزگە ئالمايمىز. بىزنىڭ بالىلارغا پۇل بېرىش ئادىتىمىز مانا شۇنىڭدىن تارتىپ باشلىنىدۇ؛ بۇنى توسساق قارشى تەرەپ: «ھە، بولدى، كىچىك بالا ئوينايدۇ، بىر نەرسە ئېلىپ يېيىشنى بىلمىگەندىكىن يامان ئۆگىنىپ قالمايدۇ» دەيدۇ. بۇ، مېنىڭچە، ئانچە توغرا قاراش ئەمەس. چۈنكى بالىلار بارا - بارا چوڭ بولىدۇ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىشكە باشلايدۇ، پۇلغا بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىمىز، بالىلار ئەقلى يېتىلگەنسېرى پۇلغا ئاشۇنداق نەرسىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئۆزىمۇ

باشقىلار بەرگەن پۇلغا ئاشۇنداق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشنى ئۆگىنىدۇ. ئاخىردا بايا گېپى بولغان بالىلاردەك پۇلنى جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان قاراشنى يېتىلدۈرۈپ، بەتخەج، پۇلخۇمارلارغا ئايلىنىدۇ، بۇنى توسۇش تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ.

ئۇنداقتا، بالىلارغا پۇلنى زادى قانداق چاغدا، قانداق ئۇسۇلدا بەرگەن تۈزۈك؟ ئەلۋەتتە، ھەر كىمنىڭ بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاسى ئوخشاشمايدۇ، شۇنداقلا بالىلارغا پۇل چۈشەنچىسىنى سىڭدۈرۈشتىكى ئۇسۇل - چارىلىرىمۇ پەرقلىنىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدا قوللانمىمۇ يوق. قىسقىسى، يەنىلا بالىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ياخشى خۇسۇسىيەت يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇنۇملۈك چىقىش يولى تېپىش كېرەك. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، بالىلارنىڭ ئىككى ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان ۋاقتى تولىمۇ گۆدەكلىك دەۋرى بولۇپ، ئاق - قارىنى ئانچە پەرق ئەتمەيدۇ، ئەمما، ياخشى - ياماننى بىلىدۇ ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋالالايدۇ؛ بۇ مەزگىلدىكى روھىي ھالەت ساغلاملىقىنى يېتىلدۈرۈش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ؛ بالىلار بەش ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن، ئومۇمەن ئاق - قارىنى پەرق قىلىدۇ، گەپ قىلسا ئاڭلايدۇ، قىلغان نەسىھەتنى ئەستە تۇتۇپ، ئەمەلدە كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ، رېئاللىق ئىنكاسى بىلەن ئاغزاكى ئىنكاس ئاساسەن بىردەك، چۈشەنچىسى بىر قەدەر ئەتراپلىق بولىدۇ، بۇ، بالىلارغا پۇل بېرىدىغان ۋە پۇلنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىتىدىغان، يېتەكلەيدىغان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، بىرزە ھېلىقىدەك قاتمال، دوگما ئىدىيە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاچقا، نۇرغۇن بالىلار يېشى خېلى چوڭ بولسىمۇ، پۇلنىڭ رەڭگى ۋە چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بىرلىكىنى، قىممەت مىقدارىنى بىلمەيدۇ. يېقىندا، بىر مۇخبىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ 400 يۈەندىن ئارتۇق پۇل يىغقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇ بالا بەش ياشتىن تاكى توققۇز ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھېيت - بايراملاردا

بەرگەن پارچە - پۇرات پۇللارنى يىغقان، بۇنىڭدىكى سەۋەبنى سۇرۇشتۇرگەندە، بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا پۇلنىڭ رولىنى، تېجەش لازىملىقىنى چۈشەندۈرگەن، بانكىغا ئامانەت قويۇشقا يېتەكلىگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىزنىڭ «مالىيە ئەمەلدارى» مىزمۇ بۇ يىل 11 ياشتىن ئاشتى. بىز ئۇنىڭ پۇل چۈشەنچىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن، ھەتتا، دەرستە ئالغان نەتىجىسىگە قاراپ، ئازراق «مۇكاپاتلاش»، كۆپرەك «جەرىمانە قويۇش» ئۇسۇلىنى قوللانغان ئىدۇق. بۇنىڭ ئۇنۇمى زور بولدى، ھازىر ئۇنىڭ بانكىغا قويغان پۇلى 200 يۈەنگە يەتتى. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بالىلارغا پۇل بېرىش ۋاقتىنى تاللاش، پۇلنى تېجەش توغرىسىدىكى تەربىيە ۋە ئىلمىي چۈشەنچىنى سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## ماھىر يېتەكچى يەنىلا ئانا

— بىر كۈنى ئوغلۇمنى ھېيتگاھقا ئېلىپ باردىم، — دېدى زىيالىي تونۇشلىرىمدىن بىرسى، — قايتىدىغان چاغدا، سېتىۋالغان نەرسە - كېرەكلەرنى ۋېلسىپىتكە ئارتىشقا توغرا كەلگەچكە، بالامنى مىندۈرۈشكە مۇمكىن بولمىدى. ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ ماڭاي دېسەم، ھەر ئىككىمىزگە ئاۋارىچىلىك ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بەش مو بېرىپ:

— ئاپتوبۇسقا چىقساڭمۇ مەيلى، ئۆي يىراق بولمىغاندىن كېيىن مېڭىپ كېتىپ، بەش مونى باشقا ئىشقا ئىشلەتسەڭمۇ مەيلى، ئىختىيار ئۆزۈڭدە، — دېدىم.

— بازار كۆرگەچ مېڭىپ كېتىمەن، بەش موچەنگە دەپتەر ياكى كىتاب ئالىمەن، — دېدى ئۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدا ئوقۇيدىغان كىچىككىنە بالىغا بۇنداق قىلىشىمدىكى مەقسەت ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىش

قىلىشنى يېتىلدۈرۈش ئىدى، يەنى پۇل خەجلەشنى ئۆگەنسۇن، پۇل تېجەپ، كىشىلىك تۇرمۇشتا باياشات ئۆتۈشنىڭ يولىنى كىچىكىدىن باشلاپ بىلسۇن دېگەنلىكىم ئىدى. مەن پۇلغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ھەمىشە دېگۈدەك بالامغا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىمەن؛ گاھىدا ئۇ قىلالىغۇدەك ئۆي ئىشلىرىنى پۇلغا قىزىقتۇرۇپ قىلدۇرىمەن. مېنىڭچە، بۇ خىل ئۇسۇل بالىدا قىممەت قارىشى ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئىزچىل ئېلىپ بېرىلغان ئىجابىي تەربىيەنىڭ رولىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ پۇلغا بولغان مۇئامىلىسىدە بەتخەجلىك، پۇلغا چوقۇنۇش، ئۆيگە كەلگەن مېھمان ياكى چوڭلاردىن ھېلىقىدەك «پۇل تىلەش» تەك غەيرىي قىلىقلارنى ئۇچراتمىدىم. ماختىنىغىنىم ئەمەس، ئۇنىڭ پۇل چۈشەنچىسى تەڭتۇشلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ....

بۇمۇ بىر خىل تەربىيەلەش، پۇل تېجەش ئۇسۇلى بولۇپ، گەرچە كىچىك ئىشتەك تۇيۇلسىمۇ، بالىلاردا بىر خىل روھ ۋە قىممەت ئېڭى پەيدا قىلماي قالمايدۇ. بۇ، بالىلاردا ئىلمىي بولغان پۇل چۈشەنچىسى، قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق چاغلاردا بالىلارنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلىنى چىقىش قىلىش كېرەك. ئالايلۇق، مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، بالىغا: «ئۆيگە مېڭىپ بار، پۇلنى بۇزماي» دەپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلساق، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە يامان تۇيغۇ پەيدا بولماي قالمايدۇ. ئۇ ھالدا بالىنىڭ پۇلغا بولغان چۈشەنچىسى خېمىغا يانىدۇ ياكى كۆچىيىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، پۇلغا ئۆچ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

— مېنىڭ بىر دوستۇم بار، — دېدى مەن بىلەن خىزمەتداش بىر چوكان، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرمىسە بازارغا بارالمايدۇ، ئېرى ئارقىسىغا سېلىپ قويامدىكىن دېسەم، ئۇ، ئۇنداق گۇمانخور ئەرلەردىن ئەمەس، دوستۇممۇ كۆندەشلىك قىلغۇدەك چىرايلىقلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئەمما، سودا - سېتىققا بەك ئېپى بار. بىر

نەرسىلەرنى ھېچكىم ئۇنىڭدەك ئەرزان ئالالمايدۇ. سۈرۈشتۈرسەم بازارغا بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىشنىڭ سەۋەبى: ئۇلارغا سودا قىلىشنى ئۆگىتىش ئىكەن. مەن تاكى يېقىنقى چاغلارغىچە بۇنى ئۇقماپتىكەنمەن. بالىلارغا ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلىدۇ، مۇشتەك تۇرۇپ چاقماقتەك سودا قىلىپ كىرەلەيدۇ. ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمۇ ياخشى. ئەسلىدە دادىسى باي ئۆتكەن ئادەم ئىكەن. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىجارەت قىلىدۇ، ئېرىمۇ ئاياغچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دوستۇم ئىلگىرى يېپەك زاۋۇتىدا كادىر ئىدى، ھازىر ئىشتاتىغا پۇل تۆلەپ خىزمەتتىن چىقىۋالدى. ئۇ شەنبە، يەكشەنبىدە بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بازار ئارىلايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسىگە ئاپتوبۇسقا چىققاندا بېلەت ئالىدىغان خىراجەتنى باشقۇرغۇزىدۇ، ئۆزى ئارىلاشمايدۇ؛ بىرسىگە سېتىۋالغان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى بەرگۈزىدۇ، يەنى مالنىڭ سودىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۇلنى بالىنىڭ تۆلىشىگە قويۇپ بېرىدۇ؛ باھاسى ئېنىق تۇراقلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا توغرا كەلسە، بالىغا پۇل بېرىپ ئالدۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ، بالىلىرىنى كىچىكىدىنلا شۇنداق تەربىيەلەپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ، بالىلىرىنىڭ بىرسىنى بىر ئىشقا، بىرسىنى يەنە بىر ئىشقا بۇيرۇپ بىر مۇنچە سودىنى قىلىۋېتەلەيدۇ؛ بۇنداق ئىدىستلىق تەربىيەلەنگەن بالىلار ئىشتا شۇنداق ئەستايىدىل، سودىدا بىر پۇڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان، پۇلغا كۆزى توق، سىلىق - سىپايە بولىدىكەن، ئۇلارغا ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلىدۇ...

نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكى دەۋرىنى ئالىدىغان بولساق، بازاردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى، پۇلنى خېلى كۆپ تاپقانلارمۇ ئاياللار بولۇپ، تېلېۋىزوردا ئارقا - ئارقىدىن تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان ئاياللار بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. چۈنكى، ئاياللار ھەم پۇل خەجلەشنى، ھەم پۇل تېجەشنى بىلىدۇ، خەجلەش بىلەن تېجەشنى ئۆزئارا باغلاپ، چىقىمنىڭ ئورنىنى

تولدۇرۇپ ماڭالايدۇ؛ مانا مۇشۇنداق شىجائەتلىك ئانىلار مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان ئۇلۇغۇار كۈچ. ئۇلار بىرەر نەرسە سېتىۋالماقچى بولسا، ئەتراپلىق كېڭىشىدۇ، سودىدا باھانى تۆۋەن قويىدۇ، سىنىت پۇلنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. ئېلىم - بېرىمدىمۇ ئادىل، ئەستايىدىل، سەمىمىي پوزىتسىيەدە بولىدۇ، مال سېتىشتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتمەي قويمايدۇ، بىزنىڭ قىز پەرزەنتلىرىمىز ئانىلىرىنىڭ ئارقىسىدا كۆپرەك يۈرگەن بولغاچقا، سودا - سېتىققا پۇختا، پۇل خەجلەشكە ماھىر كېلىدۇ؛ ئوغۇللىرىمىز بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، قىزلارغا يېتىشەلمەيدۇ.

ئاتا - ئانىلار بازارغا سودا - سېتىق قىلغىلى چىققاندا، بالىلارنى ئەگەشتۈرۈۋېلىشنى ئېغىر كۆرمەي، پۇل خەجلەشنى ئۆگىتىشى، قىممەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بالا تەربىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك بۇنداق ئىشلاردا ئىزدەنسەك، نۇرغۇن پۇرسەتلەر مەۋجۇت. ئالايلۇق، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن «مالىيە ئەمەلدارى»نىڭ كەچۈرمىشىگە ئوخشاش پائالىيەتلەرنىڭ بالىلارنى چېنىقتۇرۇش رولى چوڭ. بالىلار چېنىقتۇرۇش جەريانىدا تاسادىپىي ھالدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا، كايىماسلىق، چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. ئەدەپلەنسە بالىلار سودا - سېتىقتىن ئوڭايلا يالتىيىۋالىدۇ، بولۇپمۇ ھاۋالە تەرىقىسىدە بۇيرۇلغان سودا - سېتىقتىن ئۆزىنى تارتىدىغان بولۇۋالىدۇ.

## خاتىمە

بالىلارغا پۇل خەجلەش، پۇل تېجەشنى ئۆگىتىدىغان ئاساسلىق مەكتەپ ئائىلە بىلەن بازار، بىردىنبىر ئۇستاز ئاتا - ئانىلاردۇر. تارىختىن بۇيان، بۇنداق بىر پەننىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، سىستېمىلىق نەزەرىيەسى شەكىللەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. مېنىڭچە، بۇنداق بىر دەرسلىكنىڭ بولۇشى بالىلارغا توغرا ئىدىيە تىكلەش

پۇرسەتنى يارىتىپ بېرىشتە تولىمۇ مۇھىم ئىدى. شۇنداق بولسا، بالىلار ھەر قايسى جەھەتلەردىن يارامىلىق ئەۋلاد بولۇپ يېتىلەتتى.

مەلۇمكى، پۇل خەجلەشنى بىلمىگەن ئادەم پۇلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ۋە ئۇنىڭدىن تېگىشلىك بەھرە ئېلىشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىچىكىدىن پۇل خەجلەشنى بىلىش پۇل تېجەشنى بىلىشتىنمۇ مۇھىم، چۈنكى، پۇل خەجلەشنى بىلمىگەن ئادەم پۇل تېجەشنىمۇ بىلمەيدۇ؛ پۇل تېجەشنى بىلىپ، پۇل خەجلەشنى بىلمەسلىك ماھىيەتتە ھېچنېمىنى بىلمىگەنگە باراۋەر. شۇڭا، بالىلارغا پۇل خەجلەشنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئۆگىتىش تولىمۇ زۆرۈر. بۇنىڭدا تۆرلۈك ئىمكانىيەت، پۇرسەت، بوشلۇق، شارائىت، يوشۇرۇن مەنبەلەردىن پايدىلىنىش، ئىسراپخورلۇق بىلەن پۇل تېجەشنىڭ پەرقىنى ئايرىش، ئەمەلىي پاكىت ئارقىلىق قايىل قىلىش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، زىددىيەت، پايدا - زىيان قاتارلىقلارنى تونۇتۇش (پۇل تېجەشنىڭ پايدىسى بىلەن ئىسراپچىلىق قىلىشنىڭ زىيانلىرىنى تونۇتۇش) پۇرسىتى يارىتىش كېرەك. بالىلارغا پۇل بەرسە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەن قاراشنى ئۆزگەرتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا پۇل بېرىش بىلەن قالايمىقان پۇل بېرىشنىڭ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قارىغۇلارچە قىسىش بىلەن ئىلمىي ئاساستا كەڭ قول بولۇشنىڭ پەرقىنى ئايرىپ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قىممەت قارىشىنى مۇجمەللەشتۈرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. دېمەك، بالىلاردا توغرا پۇل قارىشى، توغرا قىممەت قارىشى يېتىلگەندىلا، ئىقتىسادچى بولۇپ يېتىلىپ، كەلگۈسىنىڭ ياخشى قۇرغۇچىلىرىدىن بولالايدۇ.

1995 - يىل 12 - ئاي، قەشقەر

# پۇل تېپىش ۋە نامراتلىشىش

ــ ئايرىم نامراتلارنى يۆلەپ بولغىلى بولمايدۇ، ــ دېدى مەلۇم بىر كەنتنىڭ باشلىقى مۇخبىرلىق سۆھبىتى جەريانىدا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ.

ــ چۈنكى ئاشۇنداق ئايرىم ساندىكى ئادەملەر، يۆلىگەنسېرى تېخىمۇ نامراتلىشىدۇ، يۆلىگەنسېرى ھۇرۇنلىشىپ، بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەپ يۆلىنىۋالىدۇ؛ ئۇلارنىڭ گېپى بىزدىن چوڭ، ھۆكۈمەتمۇ بېقىپ، يۆلەپ ھارمىدى. يۆلىگەنسېرى ئۆزىنى تاشلاپ، قۇتقۇزۇشقا يۆلىنىۋالدى. بۇنداق نامراتلارنى دەسلەپتە بىر مەزگىل كەنت، مەھەللە كوللېكتىپى يۆلىدى، ئاندىن ئالدىن بېيىغانلار، كادىرلار، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ھۆددىگە ئېلىپ يۆلىدى، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى يۆلىدى، كېيىن نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ھەر قايسى يېزا - بازار، ناھىيەدىكى ئىدارە - ئورگانلار، ۋىلايەتتىكى كەسپىي تارماقلار ھەربىكەتكە كېلىپ نامراتلارنى يۆلىدى، ئۇلارنىڭ يار - يۆلەك بولۇش نۇقتىلىرىدا بەش - ئالتە يىلدىن بۇيان ناھايىتى نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ ئىئانە توپلاپ، نامراتلارنى يۆلىسە، بىزنىڭ بۇ يەردە ئەھۋال شۇنداق. ھازىر تېخى بەزى نامراتلار ئەيمەنمەستىن كەنت كادىرلىرىغا: «خوتۇن ئېلىپ بەر...» دەيدىغان بولدى...

ــ بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە؟

ــ سەۋەب: دېھقانىنىڭ كىرىمى ئاز، نامراتنى نوقۇل يۆلەشتىن باشقا ئۇنۇملۇك ئۇسۇل يوق، ئاندىن نامراتقا پارتىيە، ھۆكۈمەت بەك رەھىمدىل، يەنە نۇرغۇن سەۋەبمۇ بار. مۇبادا نامراتنى

جازالايدىغان بىرەر سىياسەت بولسا ئىدى، نامراتلار تۆگەيتتى...

ئىش كەنت باشلىقىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇنداق ئاددىي بولمىسا كېرەك، بەزى گەپلەرنىڭ بەلگىلىك ئاساسىمۇ يوق ئەمەس، بەزى گەپلەر ئۈستىدە سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇرماي بولمايدۇ.

مەن بىر مەزگىللىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق نامراتلارنىڭ نامرات بولۇشىدىكى بىۋاسىتە سەۋەب ۋە ۋاسىتىلىك سەۋەبلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ باقتىم: بىۋاسىتە سەۋەب: نامراتلار ئۆزى بىۋاسىتە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، ئۆز مەنپەئەتىگە ئۆزى زىيان سېلىش؛ ۋاسىتىلىك سەۋەب: ئىككىنچى بىر تەرەپتىن كېلىدىغان سەۋەب بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى قوغداش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار مۇنداق بىرقانچە چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

## تۇلپار تۇيىقىدىكى كولدۇرما

كىچىك ھامامىنىڭ بىر تورۇق ئېتى بار بولۇپ، ئۇ شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، ھەر قېتىم كۆرسەم، دادام كىچىك چاغلىرىمدا ئېيتىپ بېرىدىغان ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردانىنىڭ دۇلدۇلى ھەققىدىكى رىۋايەت يادىمغا كېلىپ، كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك، سېھىرلىك ھالىتى نامايان بولاتتى. ئات شۇنداق سېمىز ئىدىكى، ئۈستىدە يوتقان ـ كۆرپە تاشلاپ ياتسا بىر ئادەم بەخىرامان ئۇخلىيالايتتى، ئىككى ئادەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرالايتتى، بوي ـ گەۋدىسى، تۇياق، ساغرا ـ بويۇنلىرى، قۇيرۇقى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى، ئاتنى چاپتۇرغىڭىز كېلەتتى. ئەمما، يېنىغا بارسىڭىز، ئەھۋال تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇ «پۇزۇر» ئاتنىڭ بەئەينى كۆرپىسىگە چىقىرىپ ياتقان ھۇرۇن، كالۋا بالىدەك ياۋاشلىقى سىزنى ھەيران قالدۇراتتى، ئۇنى مىنىپ چاپتۇرغىڭىز كەلسىمۇ ھامامالار

ھېچكىمگە تۇتقۇزمايتتى. ھەتتا، خەقنىڭ كۆزى تېگىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ دائىم «يول چاۋرى» تېرىپ ئىسرىق سالاتتى، ئىت پوقىدىن ياسالغان تۇمارنى بوينىدىن ئايرىمايتتى، بۇ ئاتنى پەقەت ئەر غوجايىنلا ئىشلىتەتتى، باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشى، ھەتتا ئارغامچىسىنى تۇتۇشى چەكلەنگەن. ئەر غوجايىن ئۇنى پات - پات بىر يېرىم توننىلىق چوڭ ھارۋىغا قوشۇپ ماڭدۇرغان بولسا، ئاتنىڭ پۇت ۋە بويۇن، توقۇملىرىدىكى كولدۇرمىلار بەئەينى قۇدۇق قازىدىغان بۇرغىنىڭ «نەغمە - ناۋا»سىنى ئەسكە سالىدۇ. بۇ سادانى ئاڭلىغان كىشىلەر ئاشۇنداق ئات ئېلىش ئارزۇسىدا ئېغىزلىرىنى چاكىلدىتىپ قاراپ قالىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ سوك - سوكلۇقى ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدۇ. ئەر غوجايىن بولسا بۇنى قىلچە پىسەنتىگە ئالمايدۇ، بىر خىل سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش ۋە يامان كۆزدىن يوشۇرۇش تۇيغۇسىدا ھەيدەيدۇ، ئاتقا يېنىك ھەيۋە قىلىپ قويىدۇكى، تارسىدە بىرنى ئۇرۇپ سالمايدۇ. دېھقانچىلىقتىن بوشىغان چاغلاردا ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تۇرمىسى، يەكەن، مەكىت ناھىيەلىرىگە بېرىپ تېرەك ياغىچىدىن 10 ~ 15 تالنى بېسىپ ئەكېلىپ يۇرت بازىرىدا ساتىدۇ ۋە ھەر بىر تال ياغاچتىن ئالغان 10 ~ 20 يۈەن پايدىدىن سۆيۈنىدۇ، ئېتىدىن رازى بولىدۇ. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە ياكى مېھماندارچىلىق، بىرەر جىددىي سەپەرگە چىقىش توغرا كەلسە، ئاتنى ئوقۇرىغا باغلاپ قويۇپ، كونا ھارۋىسىغا قوتۇر ئېشىكىنى قوشىدۇ، ئاتنى ئاسرايدۇ. ئات پۇشقۇرۇپ ئەتراپىغا كەلگەن كۆكۈيۈن، چىۋىنگە ئوخشاش ھاشاراتلارنى قورۇپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، كولدۇرمىلارنى جاراڭلىتىپ، ئاي - ئايلاپ تەييار يەمنى توختىماي يەيدۇ، توختىماي تېزەكلەيدۇ، تېخى ئۇ ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغاچقا، قورۇغا كىرگەنلا ئادەمگە ئەڭ ئاۋۋال سالام بېرىدىغىنى يەنىلا ئات...

بىرلا ئادەم ئىشلىتىدىغان بۇ ئات توغرىسىدا ئائىلىدە

ئىختىلاپىمۇ كۆپ. تۈلۈمدەك سەمرىپ كەتكەن بۇ ئات ئەر غوجايىنىنىڭ نەزىرىدە ئائىلىگە بەخت، ئامەت ئېلىپ كېلىدىغان، «ياراشقان» بىردىنبىر جانىۋار.

ئەھۋال راست شۇنداقمۇ؟ مەن بىر قېتىم ئۇلار بىلەن خېلى ئەتراپلىق سۆزلىشىپ باقتىم:

— ئادەمدىن ئەتىۋار بۇ جانىۋار كۈندە قانچىلىك يەم - بوغۇز يەيدۇ؟ كۈنلۈك چىقىمى قانچىلىك؟

— ھېسابلاپ باقمىدۇق، لېكىن بۇ ئاتنىڭ چىقىمى بىر ئائىلىنىڭ چىقىمىدىن كۆپ، — دېدى باللاردىن بىرى نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ.

— پايدىسىمۇ ئاز ئەمەس، — دېدى دادىسى ئاتنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ.

— تايىنلىق... ھېسابلىسا ئۆزىنىڭ ئۆزىگە يەتمەيدۇ.

— ئەجەب يامان بۇ ئات ساڭا - ھە!؟ — دادىسى ئەمدى رەسمىي تېرىكتى، — سەن نېمىنى بىلەتتىڭ! ئات يەۋاتقان قوناق، سامانىنى سەن يەمسەن؟ ھايۋاندىن پەرقىڭ باردۇ؟ كۈندە يەيدىغان يېمى چاغلىق، كۈندە بەش جىڭ قوناق، ئىككى باغ بېدە، بىر سېۋەت ھەلەپ، بىر قاپ سامان يەيدۇ شۇ.

مەن سوراشنى توختىتىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدىم، ئات توغرۇلۇق ھەر قانداق گەپ بولسا خاپا بولىدىغان ئەر غوجايىن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. كېيىن ھاماماچامدىن ئۇقسام، ئۇلارنىڭ 16 مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىكەن، يىل بويى ئاشۇ يەرگە جاپالىق ئىشلەيدىكەن، ئاساسەن كېۋەز، يازلىق قوغۇن - تاۋۇز، زىرە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىيدىكەن، سىياسىي خاراكتېرلىك تېرىقچىلىققا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىكەن، ھاماماچام دەل نوچىلارغا مۇشت ئاتالايدىغان، مۇشت ئاتسا يەڭمىسە ئۇنىمايدىغان ئايال بولغاچقا، كەنت ئەربابلىرىمۇ نېمە تېرىسا غىڭ قىلمايدىكەن، شۇڭا بۇ ئائىلىدە تېرىغان ھەرقانداق زىرائەت كۆڭۈلدىكىدەك پۇل بولىدىكەن، بۇ

ھال ئۇلارنى شۇ يەردىكى ھەممە ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىقتىسادىي ئىمتىيازغا ئىگە قىپتۇ. ئۇلار ھەر يىلى ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىغاندىن تاشقىرى، 4 ~ 5 مو يەرگە بۇغداي تېرىپ، ئورنىغا كەنجى قوناق تېرىيدىكەن. بۇغداي بىلەن يېمەكلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلسا، قوناق بىلەن ئاتنى باقىدىكەن. ھەر يىلى قوناقتىن ئالىدىغان ھوسۇل ئىككى ~ ئۈچ توننا بولۇپ، ئۇنى يىل بويى ئات يەپ تۈگىتەلمەيدىكەن، گاھى يىللىرى تېخى ئاتقا بېرىدىغان قوناقنىڭ كەملىگەن قىسمىنى بازاردىن سېتىۋالىدىكەن.

— ئات بىزنىڭ جېنىمىز، ئاتا - بوۋىلار ئىلگىرى ئات ئۈستىدە جاھاننى چۆرگىلىگەن ئىكەن، ئات بېقىش ئۇلاردىن قالغان خاسىيەتلىك ئىش، ئات باققان ئادەمگە خۇدا رەھمەت قىلىدۇ، بايلىق، بەخت ئاتا قىلىدۇ. ئات باققان ئائىلىنىڭ رىسقى كەڭ، ئىشى ئاسان بولىدۇ، خەجلەيدىغانغا پۇلى تۈگەپ كېتىپ قالسا، ئاتنى دەرھال ھارۋىغا قوشۇپ ياغاچ ئېلىپ كەلسە، ھېچبولمىغاندا بىرەر يۈز يۈەن پايدا چىقىدۇ، ئايدا تۆت قېتىم بارالىسا، پايدىسى ئۈچ ~ تۆت يۈز يۈەن بولۇپ قالىدۇ.

— سەن شۇنىمۇ دەيسەن، — دېدىم مەن، — ئاتقا قارىغاندا تىراكتور ياخشى.

— قويە ئۇ گەپنى، خەتىرى يامان بىر نېمىكەن ئۇ، باللار شۇنى ئالساق دەيدۇ، مەن ئۇنىمايمەن، بولمىسا ئاللىبۇرۇن ئېلىپ بولاتتۇق.

— ھەي، ياخشى قىلماپسىلەر، ھازىر تىراكتورى بار دېھقانلارنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى ئاسانلاشتى، زامان تەرەققىي قىلدى. ئاتنىڭ ئون كۈندە قىلغان ئىشىنى تىراكتور بىلەن بىر كۈندە قىلغىلى بولىدۇ. چىقىمى تۆۋەن، ئاۋارىچىلىكى ئاز، ئاتقا ئوخشاش يەم سالمەن، باقمەن، ئايىغىنى قۇرۇقدايمەن دەپ ئاۋارە بولۇش، غەم قىلىش كەتمەيدۇ.

— تىراكتور ئالغانلارنىڭمۇ كۈنى كېتىۋاتىدۇ، بىزدىن ھالى

خاراب.

– ئاتنىڭ يەۋاتقان يەم - خەشەك سەرپىياتى بەك كۆپ ئىكەن، مەسىلەن، كۈندە بەش جىڭدىن قوناق يېسە، بىر يىلدا 1825 جىڭ ئاشلىق كېتىدۇ، پۇلغا سۇندۇرساق، تەخمىنەن 1800 يۈەن بولىدۇ. كۈنىگە ئىككى باغدىن بېدە يېسە، بېغىنى بىر يۈەندىن ھېسابلىساق 365 كۈندە 730 يۈەنلىك بېدە كېتىدۇ. كۈندە يېگەن سامان ئىككى يۈەن، ھەلەپ ئۈچ يۈەن بولسا، بىر يىلدا 1825 يۈەنلىك يەم - خەشەك كېتىدۇ. شۇنداق ھېسابلىساق، بىر يىلدا ئومۇمىي چىقىمى 3355 يۈەن بولىدۇ، ئاتتىن ئالىدىغان پايداڭلار قانچىلىك؟ ئىككى مىڭ يۈەنگە يېتەمدۇ؟

– ياق، بالام!

– پايدا قىلماي زىيان چىقىدىغان نەرسىنى بېقىپ قىينالغۇچە چىقىمىنى تېجەپ، شۇنى خەجلىسەڭلار بولمامدۇ؟ ئاتنى ساتساڭلار قانچە پۇلغا ئالىدۇ؟

– ئاتنى ھازىر ساتساق 5000 يۈەندىن ئېشىپ ئالىدۇ.

– ئاتنى سېتىپ پۇلىغا بىر يىللىق چىقىمىنى قوشۇپ، تىراكتور ئالساڭلار كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدۇ، ئات بېقىشقا كەتكەن خىراجەتنى بىرقانچە يىل يىغساڭلار ھەجگە بارغۇدەك پۇل توپلىمامسىلەر...

– ئېغىزدا دېمەك ئاسان، بالام، ئاتنى سېتىشقا كۆڭلۈم ھەرگىز ئۇنىمايدۇ...

ئات قەدىمدە ھەقىقەتەنمۇ ئەرنىڭ قانىتى بولۇپ كەلگەن. ھالبۇكى ھازىرقى زاماندا ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا رولى قالمىغان بولسىمۇ، يەنە يېزىلاردا نۇرغۇن دېھقانلار ئاتنى قانات ئورنىدا كۆرۈپ، ئەتىۋارلاپ بېقىۋاتىدۇ. بېقىش، پايدىلىنىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئات بېقىش ئارقىلىقمۇ باي بولغىلى بولىدۇ، ئۇ چوقۇم مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، كۆلەملەشسە بولاتتى. ئەمما ھازىر دېھقانلاردا ئۇنداق قىممەت قارىشى يوق، پەقەت نوقۇل بېقىپ،

كۆز ـ كۆز قىلىش، بىقىش ئۇچۇنلا بىقىپ، ئوبوروت قىلماسلىق ئەھۋالى مەۋجۇت بولغاچقا، ئات باققۇچىلارنىڭ نۇرغۇن ئىقتىسادى قىنغقا ئايلىنىپ، نامراتلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. دېمەك، ھاماچاملارغا ئوخشاش ئاتنى ھازىرمۇ ئەر قانىتى ھېسابلاپ سەمرىتىپ بېقىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. شۇڭا دېھقانلارنىڭ بۇ خىل ئات بىقىش ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش زۆرۈر. يەنى، بۇ خىل ئاتلارنى يايلىتىپ باقالايدىغان يايلاق شەرت ـ شارائىتى بار جايلاردا ۋە مەخسۇس ئات فېرمىلىرىدا بېقىشقا بولىدۇ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ھەۋەسكە بىقىش شەرت ـ شارائىتى ھازىرچە يوق دېيەرلىك. ئوغلاق تارتىش، بەيگە مۇسابىقىلىرىمۇ يېزىلاردا تەدرىجي ئازىيىۋاتىدۇ. شۇڭا ئايرىم دېھقانلار ئۇچۇن ئات بىقىش ھەم باي بولماسلىقنى، ھەم نامراتلىششنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## تەكرار سېلىنغان «جەننەت»

يېزىغا بارسام، ھامان پاكار ـ پاكار ئۆيلەرنى ئۇچرىتىمەن، قاچان قارايدىغان بولسىڭىز، ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ رېمونت قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن، ئۆيىنى «جەننەت»كە ئوخشاش قەدىرلەيدىغان دېھقانلار ھامان ئۆي سېلىشقا، ئۆيىنى پۇختا، ئەتراپلىق لايىھەلەشكە سەل قارايدۇ. شۇڭا، ئېتىمىزدىن بىكار بولسا كېسەك قۇيۇش ۋە ئۆي ئوڭشاش بىلەن كۈنى ئۆتىدۇ. مېنىڭمۇ شۇنداق ئاۋارە تۇغقانلىرىمدىن بىر نەچچىسى بار. ئۇلارمۇ ئۆي بۇزۇپ ئۆي سېلىش، رېمونت قىلىشقا ھەر يىلى نۇرغۇن راسخوت چىقىم قىلىدۇ، ۋاقىت زايە قىلىپ كۈچىنى خورىتىدۇ.

بىر قېتىم بىر تۇغقىنىمىزغا قاتتىق كايىدىم:

ــ نېمانچە ئەخمەقسىز، ئاز ـ تولا كاللا ئىشلىتىپ، ھەر يىلى مۇشۇنداق ئۆي سالغاندىن كۆرە، ئورنىغا ئون يىل، 20 يىل

چىدىغۇدەك ئۆي سالىدىغان ئىشنى قىلسىڭىز، دېھقان بولماي قالارمىدىڭىز؟
— سىز شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، بىزنىڭ بۇ يەردە بىر سالغان ئۆينى ئون يىلدا چاقماي ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئىش نەدە؟ تۇپرىقى شور - زەي تۇرسا بۇ يەرنىڭ!
— پىششىق خىشلىق سالسىڭىز بولىدىغۇ؟
— پىششىق خىش سوغۇق، ئادەمگە زىيان قىلىدۇ، پۇل كۆپ كېتىدۇ.
— مانا كۆرۈڭ، زەيلەپ كەتكەن ئۆينىڭ زېيى سوغۇق كەلمەي، زەينى تارتىدىغان پىششىق خىشلىق ئۆي زىيان قىلامدۇ؟ پۇل جىق كېتىدۇ دېدىڭىز، ھېسابلاپ كۆرۈڭ، سىز ھەر يىلى ئۆي ئوڭشاشقا قانچىلىك چىقىم قىلىسىز، ئون يىلدىچۇ؟ شۇنداق چىقىملارنى ھېسابلىسىڭىز، پىششىق خىشلىق ئۆيلەرمۇ قىممەت توختىمايدۇ، پۇختا، سۈپەتلىك بولىدۇ. ھەر يىلدىكى ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلىسىز. بىراقلا سالالمىسىڭىز، يىلدا بىر ئېغىزدىن پۇتتۇرسىڭىز، بىرقانچە يىلدا ئۆيلىرىڭىزنى پىششىق خىشلىق قىلىپ بولالايسىز - دە، ئۇزاق زامانلارغىچە ئارام تېپىپ قالىسىز...
— ئۇ راست.
بۇ، دېھقانلاردىكى بىر تەرەپلىمە قاراش بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭدىن قول ئۈزەلمىدى. ھەتتا ئايرىم جايلار مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، پىششىق خىشلىق ئولتۇراق ئۆيلەرنى سېلىپ دېھقانلارنى كۆچۈپ كىرىشكە سەپەرۋەر قىلغان بولسىمۇ، كۆچكىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھەر يىلى بىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئۆيلىرىنى ئوڭشاش ئۈچۈن سەرپ قىلغان بىۋاستە ئىقتىسادى چىقىم 400 ~ 500 يۈەن، ھەتتا 1000 يۈەنگىمۇ بارىدىكەن. ئەمگەك ئىش ھەققىنى قوشقاندا تېخىمۇ كۆپ بولىدىكەن. نۇرغۇن دېھقانلار ھەر يىلى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن

ئۆي رېمونت قىلغاچقا، كۆپلىگەن مەبلىغى ئىسراپ بولۇپ، نامراتلىشىپ كېتىشكە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن.

مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدا 2003 - يىلى 2 - ئايدا قاتتىق يەر تەۋرىگەندە، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە يۇقىرىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن 50 كۋادرات مېتىردىن پىششىق خىشلىق ئۆي سېلىپ بېرىشكە 28 مىڭ يۈەندىن پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، مەن شۇ يەردە مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا بۇ پىلاننى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانىدىم. بىراق، نادان دېھقانلارغا مەسلىھەت سالغاندا، ئۇلار ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ ياخشىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالدى 12 مىڭ يۈەن، ئاخىرى 1000 ~ 2000 يۈەن پۇلغا ئېرىشىپ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى سېلىپ، ئىككى يىلغا بارماي ئۆيلىرى سىڭايان بولۇپ، ۋەيران بولۇشتەك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈردى، بۇ دەل يىراقنى كۆرەلمەسلىك، ئەنئەنىۋى ئۆي سېلىش ئادىتىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەر تەۋرەشنىڭ زىيانلىرىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت جايلاردا يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، پىششىق خىش، بېتون قۇرۇلمىلىق قىلىپ ئۆي سېلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارغا ئاز بولمىغان ياردەملەرنى بېرىۋاتىدۇ. ھازىر زور بىر قىسىم دېھقانلاردا يېڭىچە تەپەككۇر، ئادەتلىنىش بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئۆلتۈراق ئۆيلەرنى قانداق سېلىشنى بىلىۋالدى. لېكىن، يەنە بەزى دېھقانلارنىڭ ئۆينى سېلىشقا بولغان تونۇشى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق.

### داستىخان بىلەن سەللە يوغان بولسىلا...

— خوتۇنۇڭنى قويۇپ بېرىدىغان بوپسەن، بۇ پەيلىڭدىن يان، —

دېدىم مەن ساۋاقدىشىمغا نەسىھەت قىلىپ.

ئۇ مېنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان ساۋاقدىشىم ئىدى، ئۇ دېھقانچىلىق قىلاتتى، ئائىلىنىڭ ئىشچانلىقى، ئۆزىنىڭ دىتى بارلىقى بىلەن يېزىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە يەر ھۆددە ئېلىپ تېرىپ ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەنىدى، بايغا كۆز سالىدىغانلار تولا دېگەندەك، ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن، پۇل ـ مېلىغا كۆزى قىزارغان بىر چوكان ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىپ، قورسىقىنى پومپايتىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، قەدىناس ئايالى ـ ئۈچ بالىنىڭ ئانىسىنى قويۇپ بېرىپ، ئۇنى ئالىدىغان بوپتۇ.

ـ ھازىرقى ئەھۋالدا قىلىقىڭ سەت تۇرسىمۇ ئۆتۈپ كېتەر، لېكىن، بالىلار چوڭ بولغاندا، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك، باش ئاغرىقى، ھەل قىلىش قىيىن بولغان زىددىيەت كېلىپ چىقىپ، ھازىر سۈرگەن بارلىق شادلىق، بەختلىرىڭنى بۇرنۇڭدىن بۇلاق قىلىۋېتىدۇ. شۇ چاغدا پۇشايمان قىلىسەن، ئەمما ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق بولىدۇ. ئوبدانراق ئويلانغىنىڭ ياخشى، كەتكۈزۈپ قويساڭ، ناھايىتى چوڭ زىيان تارتىسەن...

ـ ياق، مەن ئويلىنىپ بولدۇم، قويۇپ بەرمىسەم بولمايدۇ، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرمەي، كونا «چۆگۈن» گە قاراپ ئولتۇرامدىمەن، بۇ قېتىمقى خوتۇن چىرايدىمۇ، ئەندىمۇ، داستىخاندىمۇ بار، ئاز ـ تولا پۇل تاپتۇق، راھىتىنى سۈرمەمدۇق، كونا خوتۇننى ئەينى چاغدا نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي ئالغانىكەنمەن.

ئۇنى ھېچكىم توسالمىدى، قايىل قىلالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىر ئۇ قەدىناس خوتۇننى ئۈچ بالا بىلەن قويۇپ بېرىپ، بايىقى تەرپىنى قىلغان، ئىككى ئەرگە تەگكەن سەتەڭنى ئالدى، كېيىن يەنە ئۇنىڭدىنمۇ بىر باللىق بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئۇزاققا بارمىدى، ئايال تويدا ئالغان شۇنچە نۇرغۇن نەرسىلەردىن رازى بولماي پات ـ پات يامانلاپ، كىيىم ـ كېچەك،

نەرسە - كېرەك ئالدۇرىدىغان قىلىقنى چىقاردى. ئاتا - ئانىسىمۇ قىزنىڭ ھۈنىرىگە كۆڭگەن ئادەملەر بولغاچقا، ساۋاقداشلىرىم ئىلاجسىز ئىدى، ئاخىر ساۋاقداشلىرىمنىڭ پۇلى تۈگەپلا قالماي، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلدى، نامراتلىق قاپساپ كەلدى. خوتۇن لاپقىمۇ ئۇنىمىدى، ئارىدىن چاڭ چىقىپ گەپ تېشىلدى، پەردىشەپ بۇزۇلدى، ساۋاقداشلىرىم ئاغزىدىن گەپ چىقىرىپ، ئايالنى بىر بالا بىلەن قويۇپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، نومۇس كۈچى ۋە دېگەن گېپى بەدىلىگە يەنە بىر سەتەڭنى تاللاپ ئالدى، ئۇنىڭ بىلەنمۇ قاملىشالماي يەنە ئاجراشتى؛ يەنە بىر خوتۇننى ئالدى، يەنە ئاجراشتى... ئاخىر بېرىپ كونا خوتۇنى بىلەن يارىشاي دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇ باشقا ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ بولغاچقا، خىيالى بەربات بولدى. بۇ جەرياندا خوتۇن سورۇقچىلىقى ئۇنى ھەممىدىن، ھەتتا، ئۇرۇق - تۇغقاندىنمۇ ئايرىدى. «قېرىغاندا قېرى تارتۇق، قىلىقلىرى ئۇندىن ئارتۇق» دېگەندەك، شۇ يۇرتتا يەنە بىر قىسىم ئەرلەر ساۋاقداشلىرىمنى دوراپ، ئاخىردا ئۆي - ماكانسىز قالدى. تېخى ئايرىم ئاتا - ئانىلار ئوغۇللىرىنى بۇنداق ئىشقا ئۆزى سۆرەپ كىردى. ئۇلار بالىلىرىنىڭ توختىماي خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىشىنى يىگىتلىك - نوچىلىق دەپ كۆككە كۆتۈردى. ئۇلار تىرىشىپ - تىرمىشىپ تاپقان پۇللىرىنى بالىلىرىنىڭ خوتۇن ئېلىپ - خوتۇن قويۇپ بېرىشىگە سەرپ قىلىپ، چىقىم ئۈستىگە چىقىم تارتتى، بەزىلىرى قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلدى. بەزىلەر ھەشەمەتچىلىكنى قوغلىشىپ، «كاتتىتا» توي ئۆتكۈزدى، ئىسراپچىلىق قىلدى، بەزىلەر يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر چەكلىگەنسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، نەزىر - چىراغنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزدى. بۇ بىر قاتار ئىشلار نۇرغۇن دېھقانلارنى قىيىن ئەھۋالغا دۇچار قىلدى. ھە دېسە خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىش، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغدا يوغانچىلىق قىلىشلار ئۈزۈكسىز ئەۋج ئالغاچقا، بۇ ھال بەزىلەرنى «داستىخان يوغان بىر نان يوق، سەللە يوغان ئىمان يوق» دېگەن ئەھۋالغا

چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار داغۋازلىق، مەنمەنچىلىك قىلغاننىڭ دەردىنى ئۆزى بىلدى، لېكىن ھېچكىمنىڭ تەن بەرگۈسى كەلمىدى، ئۇنداقلارنى نامراتلىق قىستاپ كېلىۋەردى... بىراق نادانلىقنى ئۆزىدىن كۆرمەي، باشقىلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن دادلاندى.

## داخان ھەمراھ كېسەلگە

بىرەر كىمنىڭ «ئاشقازىنىم ئاغرىيدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىسام، بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئاۋۋال پاجىئەلىك ھالدا ئالەمدىن ئۆتكەن بىر تونۇشۇم ئېسىمگە كېلىپ، ئىچ - ئىچىمدىن ھەسرەتلىنىمەن.

ئۇلار تەكلىماكاننىڭ غەربىي گىرۋىكىدىكى ئادىمى شالاڭ، شارائىتى ناچار بىر مەھەللىدە ياشايتتى. مەن ئۇلار بىلەن قايسى بىر يىلى كۆچەت تىكىش بايرىمىدا ناھىيەنىڭ كۆكەرتىش بازىسىغا بارغاندا تونۇشۇپ قالغانىدىم. تونۇشۇم تولىمۇ ئىشچان، تەمبەل ئادەم بولۇپ، مېھماندوست، چىقىشقاق، ساددا مىجەزى ھەرقانداق ئادەمنى ئۇنىڭغا ئامراق قىلىپ قوياتتى. بىلىشىمچە، ئائىلە ئەھۋالى خېلى ياخشى، قول ئىلكىدە بار دېھقانىدى. شۇ جايدىكى كىشىلەر ئارىسىدا خېلى ھۆرمەتكە سازاۋەرلىكى مېنى قىزىقتۇرغانىدى. ئۇ ئالدىنقى يىلى قەشقەرگە كەلگەندە مېنى ئاتايىن ئىزدەپ كەپتۇ. بۇنىڭدىن مەن بەكمۇ سۆيۈندۈم، قىزغىن كۈتتۈم، ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى روھىي ھالىتى، تەق - تۇرقى قالماپتۇ. دائىم ئاشقازىنى ئاغرىپ ئارام بەرمەيدىكەن، ناھىيە دوختۇرخانىسىغا تەكشۈرتۈپ داۋالىنىپتۇ. ئەمما، ئانچە ئۈنۈمى بولماپتۇ، شۇڭا شەھەردە تەكشۈرتۈپ داۋالىنىشنى نىيەت قىلىپ، ناھايىتى ئالدىراشلا كەپتۇ. مەن دوختۇر تونۇشلىرىمنى ئىزدەپ، ئۇنى ئەستايىدىل، ئەتراپلىق تەكشۈرتتۈردۈم، ئاشقازان ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى. دوختۇرلار دەرھال

ئوپېراتسىيە قىلمىسا يامان سۈپەتكە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، تونۇشۇم ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا قوشۇلمىدى:

— ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويمىغاندىمۇ يېرىم جان قىلىپ قويىدۇ، — دېدى ئۇ، — يېرىم جان ئادەم نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ پۈتۈن ئائىلە مېنىڭ بېقىشىمغا قاراشلىق، باللار كىچىك، بولدىلا، خۇدا بەرگەن جاننى خۇدا ئالىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ دوختۇرغا سىناق بولۇپ بەرگىم يوق...

دوختۇرنىڭ چۈشەندۈرۈشى، مېنىڭ نەسىھەتىم ئۇنىڭغا قىلچە كار قىلمىدى. مەن شۇنداق ئاشقازان كېسەللى بار ئون نەچچە ئادەمنىڭ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ سەللىمازا ساقايغانلىقىنى ئېيتتىم، ھەتتا ئۇلاردىن ئىككىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، ساقىيىش ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇردۇم، بىراق ئۇ پەقەت قايىل بولمىدى. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ بۇنداق جاھىل مىجەزلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغانىكەنمەن. شۇنىڭ بىلەن دوختۇر بەرگەن دورىنى ئېلىپ كەتتى. ئارىدىن ئون ئايچە ئۆتكەندە تېخىمۇ ھالىدىن كېتىپ، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولغاندا مېنى يەنە ئىزدەپ كەلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاشقازىنىدىكى ئۆسمىنىڭ راككا ئۆزگىرىپ بولغانلىقى ئېنىقلاندى؛ ئايالى ۋە باللىرى بۇنى بىلىپ زار - زار يىغلاشتى، تەقدىردىن زارلىنىشتى.

— ئاشقازىنىم ئاغرىيدۇ دېگىلى ئالتە - يەتتە يىل بولغان، — دېدى ئايالى، — لېكىن يېتىپ قالمىغاچقا، ساقىيىپ قالىدۇ دەپ يۈرۈۋەرگەن، گاھىدا ئاز - تولا ئىسسىقلىق دورىلارنى تېۋىپلاردىن ئېلىپ يەپ تۇراتتى، بەك ئاغرىغان چاغدا دوختۇرغا بېرىشتىن ئېرىنىپ مەھەللىمىزدىكى داخان، باخشىلارغا ئوقۇتتۇق، رەم سالدۇردى، دۇئا ئوقۇتۇپ، پىر ئويناتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئازراق ياخشى بولۇپ قالغاچقا، شۇنىڭغا كۆنۈپ، ئاغرىسىلا ئوت كۆچۈرتۈپ، ئوقۇتۇپ يۈرۈۋېرىپتۇق. بۇلتۇر پېرىخون، داخانلارنىڭ «داۋاسى» مۇ كار قىلمىغاندا، قەشقەرگە كەلگەن. لېكىن ھەم ئوپېراتسىيەدىن قورقۇپ، ھەم نۇرغۇن پۇل

كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، داۋالىماي بېرىپتىكەن، مانا ئەمدى، نىمە كەتسە كەتسۇن، ئوپېراتسىيە قىلدۇرايلى دېگەن قارارغا كەلدۇق. داخان، باخشىلارغىمۇ 6 ~ 7 مىڭ يۈەن پۇلىمىز كەتتى، قىلچە مەنپەئەتى بولمىدى، دورىمۇ مەنپەئەت قىلمىدى.

قەشقەردىكى داڭلىق دوختۇر موللاخۇن ئۇنى تۇجۇپلەپ ئوپېراتسىيە قىلدى، ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولدى، ئۇنىڭ ئاشقازىنى قورۇلغان ھەم ھۇررەك - ھۇررەك قاپارتمىلار قاپلاپ كەتكەنىكەن، پۈتۈن ئىلمۇيتلىگەن ئاشقازانىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلاندىم.

ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە يوقلاپ بارسام، ئۇ ئاشقازانىنى تازىلاش ئۈچۈن بۇرنىدىن سېلىپ قويغان نەيچىنى تارتىپ ئېلىۋېتىپتۇ ۋە دوختۇرلار بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ. دوختۇرلار ئېغىر ئالماي يەنە ئوڭلاپ قويۇپتۇ، تاماق يېمەسلىكنى ئېيتقان بولسىمۇ، خىلاپلىق قىلىپ يېمەكلىك يەۋاپتۇ، نەتىجىدە ئوپېراتسىيە قىلىنغان جاي يۇقۇملىنىپ، قاتتىق قىزىتىپ كەتكەچكە ھالى خارابلاشقىلى تۇرۇپتۇ، دوختۇرلار جىددىي داۋالاپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەپتۇ. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن كەلسەم ئۇ، دوختۇرخانىدىن تەرسالىق بىلەن كېتىپ قاپتۇ. كېيىن بىلدىمكى، ئۆيگە بېرىپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى كۆرۈپ ئۆلۈش ئارزۇسى بار ئىكەن.

سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشىدە نۇرغۇن سەۋەب بار: قاتناش قولايسىزلىقى، داۋالاش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، ئۆزىنىڭ قاششاق، جاھىل، نادانلىقى، ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنىڭ يوقلۇقى، كونىلىققا، ئەنئەنىگە ئېسىلىۋېلىش، پۇلنى جاندىن ئەتىۋار بىلىش، جان ھەلقۇمغا يەتكەندە ھەممىنى دەسمىي قىلىپ سېلىپ بېرىش قاتارلىقلار ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزگەن، ئەگەر ئۇ ئاشقازىنى ئاغرىغان ھامان دەرھال ئالدىنى ئېلىپ داۋالانغان بولسا، باخشى، داخانلارغا ئىشەنمىگەن بولسا، بەلكىم مۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتكە قالمىغان بولار ئىدى. كېيىن

بىلدىمكى، ئۇنىڭ داۋالىنىش، ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن 31 مىڭ يۈەن چىقىم بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلەپ ياراتقان ئائىلە ئىگىلىكى تۈگەپ، ئايالى ۋە بەش بالىسى يېتىم قاپتۇ.

ئاغرىپ قالسا ۋاقتىدا داۋالانماي، باخشى، داخانلارغا دۇئا ئوقۇتىدىغان بۇ خىل ئەھۋال يېزىلاردا مەۋجۇت. «بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى، قالغىنىنى رەمچى» دېگەندەك، تاپقان - تەرگىنىنى باخشى، داخانلارغا خەجلىۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەپسۇنلىرىغا ئىشىنىپ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ - دە، كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىرلىشىدۇ، ئاز پۇل بىلەن ساقىيىدىغان بىمار ۋاقىتسىز يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى، ھازىرقى زامان تېبابىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە يۈكسىلىپ، ئېغىر كېسەللەرنى ساقايتتى، كىشىلەرمۇ ئاڭ جەھەتتىن تەرەققىي قىلدى، لېكىن كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىش ئېڭى دەۋر تەرەققىياتىدىن كەينىدە قالغاچقا، ئاشقازىنى ئاغرىسا، باخشى، داخانلارغا دۇئا ئوقۇتۇپ، ئالدامچىلاردىن شاپائەت تىلەشتەك نادانلىقلار ساقلانماقتا. نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ پۇلنى دەپ كېسەلنى ۋاقتىدا داۋالاتماسلىق، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ساقىيالمىغانىنىڭ ئۇستىگە قەرزگە بوغۇلۇش قاتارلىق ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ نامراتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

## ھەجگە ھەمراھ ھەسرەت

تېلېفون جىرىڭلىدى، تۇرۇپكىنى ئالسام قېيىنئاتام: «ئۆيگە مېھمان كەلدى، كېلىپ ياردەملىشىڭ!» دېدى. مەن «بۇ كەچتە كەلگەن قانداق مېھماندۇ؟» دەپ ئويلاپ دەرھال باردىم. مېھمانخانا ئۆيدە مەن تونۇيدىغان 20 نەچچە ئادەم ئولتۇرۇپتۇ، بىر - بىرلەپ كۆرۈشتۇم. ئۇلار يۇرتىمىزدىن كەلگەن قېيىنئاتام

تەرەپنىڭ توغقانلىرى بولۇپ، يۇرت كاتتىسى ـ ئازنا مەسچىتىنىڭ 70 ياشتىن ئاشقان ئىمامىنى ھەج سەپىرىگە ئۇزىتىش ئۈچۈن كېلىشىپتۇ.

قېيىنئاتام ئىنتايىن سەگەك، بىشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن ئادەم بولغاچقا، ھېلىقى ئىمام توغقىنىمىزنىڭ غىمىنى يېدى بولغاي، ئۇنىڭ قىز ـ ئوغۇللىرى ۋە يېقىن توغقانلىرىنى چاقىرىپ:

ـ ئىمامنىڭ ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىشى كاتتا ئىش بوپتۇ، ھەقىقەتەن بىرىشكە تېگىشلىك ئادەم ئىدى، جايىنى تېپىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھىي ـ كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەستەك تۇرىدۇ، قارىغاندا زۇكام تېگىپ ئۆپكىسى ياللۇغلانغان ئوخشايدۇ، سالامەت بېرىپ كەلىسىغۇ بەختىمىز، ياشىنىپ قالغان ئادەم سالامەتلىكى ناچارلىشىپ بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالسا قانداق قىلىمىز، ئويلاندىڭلارمۇ؟ مەنچە بولسا كېلەر يىلى بارسىلا دېگۈم بار. خەيرىيەت، بوپتۇ، مېنى ئاغزىنى ئەجەب ئۇشۇتتى دېمەڭلار، كۆڭلۈم بىر ئىشنى تۇيۇپ تۇرىدۇ، كېتەرلىك پۇل ئىشنى قانداق ھەل قىلدىڭلار؟ ـ دېدى.

ـ ياق، نېمە بولسا بېرىپ كەلسۇن، ئاللانىڭ جېنى، پۇل ئىشىدا ھەممىمىز خۇشاللىق بىلەن يېنىمىزدا بارنى ئايىماي بېرىپ تۇردۇق، ئىمام ئاتام سالامەت ھەج قىلىپ كەلسە، پۇل دېگەن تېپىلىپ قالار، ـ دېيىشتى ئۇلار مەردانە قىياپەتتە ساداقىتىنى ئىپادىلەپ.

ئۇ كەتتى، ئەپسۇسكى، ھەج ـ تاۋاپ جەريانىدا كېسىلى قوزغىلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئالەمدىن ئۆتتى، پۇل بېرىپ تۇرغانلار لېۋىنى چىشلەپ قالدى. رەھمەتلىك ئۆزى غەملىگەن ئازغىنە پۇلدىن باشقا، ھۆججەتلىك ـ ھۆججەتسىز 25 مىڭ يۈەننى باشقىلاردىن ئالغانىكەن. ئۆلۈپ كەتكەن چېغىدا ئۇنىڭ يېنىدا قانچىلىك پۇل بارلىقى نامەلۇم ئىدى.

هۆكۈمەتكە تۆلىگەن پۇل قانچىلىك، قايتىدىغىنى قانچىلىك، ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ قەرز ئىگىلىرى تىنىك - تىڭلاشقا چۈشتى، ئۈمىد كۈتتى. ئېنىقلىنىشىچە، رەھمەتلىكنىڭ يانچۇقىدا ئاران 1200 يۈەن قاپتۇ، ھۆكۈمەتنىڭ قايتۇرىدىغىنى (سۇغۇرتا تۆلىمى) 2000 يۈەنگە يەتمەيتتى. رەھمەتلىك ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ھەج قىلىش نىيىتىدە ئىزچىل ھالدا پۇل توپلىغان بولسىمۇ ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن، بۇ قېتىم يۇرت خەلقى ۋە تۇغقانلار «ئارىمىزدىن شۇنداق بىر مۆتىۋەر چىقتى» دەپ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا ھاياجانلىنىپ، ئۇنىڭغا ئالقىنىنى كەڭ ئاچقانىدى. ئەمدى بۇ ئائىلىدىكى بىرقانچە ئاجىزە بىلەن نامرات ئوغۇل نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلدى، مەھەللىدىكى ئاز - تولا پۇلى بار دەپ قارالغان نەچچە ئون ئائىلە قولىدا بارنى دەسمى قىلىپ سېلىۋېتىپ، لىۋىنى چىشلەپ قالدى.

مەھەللىمىزدىكى كىچىك مەسچىتنىڭ ئىمامىمۇ ئالدىنقى يىلى بەش بىر تۇغقانىنىڭ 25 مىڭ يۈەن چىقىرىشى، ئۆزىنىڭ 10 نەچچە مىڭ يۈەن غەملىشى بىلەن ھەرەمگە ھەج قىلغىلى باردى. ئۇ گەرچە سالامەت بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاشقازان كېسىلى قوزغالغانلىقتىن، خاسىيەتلىك سەپەردىن كېلىپلا يېتىپ قالدى. شۇغىنىسى كېسىلىنى داۋالاتقۇدەك پۇلى بولمىغانلىقتىن، ئۇزاق ياتمايلا قازا قىلدى. بەش بىر تۇغقاندىن ئالغان قەرزنى باقىي دۇنياغا ئېلىپ كەتتى. بەلكىم قەرز ئىگىلىرىمۇ كۈتمىگەن كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ، «ھاجىم» قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانغاندۇر...

بۇنداق ئىشلار يېزىلاردا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلەر ئازراق پۇل تاپسا، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ھەرەمگە ئاتلىنىدۇ. نۇرغۇن پۇل، بەدەل، ھەتتا ھەرقانداق قۇربان بېرىشلەرگە رازى بولىدۇ. ھەج قىلىپ كەلگەندىن كېيىن نامراتلىشىپ كېتىش، قەرز

قايتۇرالماسلىق بىلەن كارى بولمايدۇ. ئۇلار ئاغزىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن تولۇق يېتىشىپ، ئائىلە ۋە بالا - چاقىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار تۇرمۇشتا خاتىرجەم، پاراۋان ھەم بالا - چاقىلار ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندا، ئاندىن ھەج قىلسا راۋادۇر; ساۋابتۇر دەيدۇ - يۇ، گويا بۇ نەسىھەتلەر باشقىلارغا ئېيتىلغاندەك ئەمەل قىلمايدۇ، ئۆزى خىلاپلىق قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال يېزىلاردا ئەمدىلەتىن تۇرمۇشى ياخشىلىنىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنى قەرزدارلىق، نامراتلىق گىردابىغا ئاپىرىپ قويۇۋاتىدۇ.

مانا بۇ بىلىپ تۇرۇپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە، تۇرمۇش، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھەرىكەتتۇر. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ھەج قىلىش ھەم ساۋابلىق ئىش، ھەم ھۆكۈمەت يول قويغان دىنىي ئادەت - پائالىيەت، گەپ ھەج پەرزىنى مۇۋاپىق پەيتتە، شەرت - شارائىت تولۇق پىشىپ يېتىلگەندە، دۇرۇس ئەقىدە بىلەن ئادا قىلىشتا، زورۇقۇشتىن ساقلىنىشتا.

## كۆكتات تەمى بار مونەك

— بىرقانچە كۈندىن بۇيان كۆرۈنمىدىڭىز، بىرەر يەرگە باردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەھەللىمىزدىكى ھۆسەنجاندىن.

— يېزىغا باردۇق، ئاۋاتتا بىر بۇرادىرىم بار ئىدى، تولا تەكلىپ قىلىۋەردى، بالىلىرىم بىلەن بېرىپ غورا - غوتاڭ يەپ كەلدۇق، — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ.

— يېزا قانداقراقكەن؟

— قايسى جەھەتتىن دەيسىز؟

— ھەممە جەھەتتىن؟

— ياخشى ئەمەس.

— قانداق دەيسىز؟

— ھەممە نەرسە يېزىدىن چىقىدۇ دەيمىز، بىراق ئۇ يەردىكى

دېھقانلار كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز دېگەندەك نەرسىلەرنى بازاردىن ئالىدىكەن، يەر تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئاش - تامىقىغا سالىدىغان كۆكتاتنىمۇ بولسا ھەل قىلمايدىكەن، ئاغىنەم بىزنى كېلەرمۇ، كەلمەسمۇ دەپ ئىككى خىيال بىلەن تۇرغانىكەن. كەچ باردۇق، بىز بارغاندا ئۆي ئىگىسى: «ئاپلا يا سەي - كۆكتات، يا بىرەر كىلوگىرام گۆش يوق، نانمۇ قېتىپ قاپتۇ، رەنجىمەڭ، ئەتە ئوبدان مېھمان قىلىۋالىمەن، سەھرايى - قىيامەت دېگەن شۇ» دېۋىدى، «بولدى، نېمە بولسا خىجىل بولماي ئەكېلىۋەرسىلە» دېسەم، «باغدا كۆكتات تۇرىدۇ، شۇ قىزىل بۇغداچ بار» دېدى. «ۋاھ، بەك ياخشى، شۇنىڭدا مونەك ئېتىپ بېرىڭلار» دېسەم، «ئەجەب تۈز ئادەمكەنسىز، ھېچ يېرىڭىز شەھەرلىككە ئوخشىمايدىكەن، شۇڭا سىزگە ئامراق بىز، تۈگمەن مىجەزىڭىز بىزگە بەك ياقىدۇ» دېدى.

شۇنداق قىلىپ كەچتە مونەك ئېتىپ مېھمان قىلدى، قەۋەتلا سۆيۈندىم. ئەتىسى، ئۆزىنىڭ بېغى بولمىغاچقا، بىر يېقىنىنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغىغا باشلاپ، ئۆرۈك سەيلىسى قىلدۇردى، ھېلىقى دوستۇمنىڭ ئىشىك ئالدى، ئۆي ئارقىسىغا قارىسام، خېلى جىق بىكار يەر تۇرىدۇ، ئاغزىم قىچىشىپ: «باغ قىلسىڭىز، سەي - كۆكتات تېرىسىڭىز، ئۆز ھاجىتىڭىزدىن چىقالايدىكەنسىز» دېسەم، «تېرىساققۇ بولىدۇ، يەرمۇ كۆپ، لېكىن ۋاقتىمىز يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇمۇ قىس. باغ - ۋاران قىلساق بولىدۇ» دېدى. «بولسا شۇنداق قىلساڭلار يىل بويى مېۋە - چىۋە، كۆكتات ئالىدىغان نۇرغۇن پۇلنى تېجەپ قالاتتىڭلار، ساتسىڭىز پۇل بولاتتى...» دېدىم. ئۇ بىر خىل ئوڭايسىزلانغاندەك تەلەپپۇزدا: «باشقىلارمۇ تېرىمىغاندىكىن، خەق قىلمىغان ئىشنى بىزمۇ قىلمىدۇق. چامغۇر، كۆك، بەسەي تېرىپ، شۇنى ئانچە - مۇنچە ئاشقا سالىمىز، بولمىسا يوققىمۇ كۆنۈپ قالدۇق، بازارغا بارغاندا باشقا خەج - خىراجەتتىن ئېشىنالىساق، كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، گۆش ئالىمىز» دېدى.

مەن ئۆنىڭغا نۇرغۇن چۈشەنچە بەردىم. قارىسام، نۇرغۇن ئادەم كۆكتات تېرىشقا، مېۋىلىك باغ ئەھيا قىلىشقا، ئاز - تولا قوغۇن - تاۋۇز تېرىشقا ئادەتلەنمەپتۇ. بۇ ئەھۋالغا ئېچىندىم. يەر تۇرسا، كۈچ تۇرسا، تېرىسىلا بولىدىغان تۇرسا، «باشقىلار قىلمىغاندىكىن مەنمۇ قىلمىدىم» دېگەن قانداق گەپ! ئىچىمدە قاتتىق خورسىنىپ، ھەي... دەۋەتتىم.

ھېسابلاپ باقسام، شۇ بىچارە دېھقانلار بىر يىل ئىچىدە ئاز بولغاندا 1000 يۈەن ئەتراپىدىكى پۇلغا كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز سېتىۋالىدىكەن. يەنە بىر قىزىق ئىشنى كۆردۈم: بىزنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى يېزىنىڭ بازىرى بولدى. يېزىلىق بۇرادىرىم مېنى ئاتايىتەن بازارغا ئاپاردى، توپا - تەرەت، مەينەت كۆرۈنىدىغان بازاردا قاسساپ، مانتاپەز، لەغمەنپەز، سامسىپەز، پولۇپەز، لەڭپۇڭچى... دېگەنلەرنىڭ بازىرى قاتتىق قىزىيدىكەن، كۆپى يەيدىغانلا نەرسە بولسا مالاچلىتىپ يەپ، يانچۇقىنى قۇرۇقداپ ماڭىدىكەن. پۇچۇق قاچىدا يېرىم خام شورپا بىلەن قۇلاقتەك گۆشنى ئۈچ يۈەندىن ساتىدىكەن. بۇرادىرىم مېنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بىر تەخسە پىشۇرۇلغان گۆش ئالدى، يېمەيمەن دېسەم ئۇنىمىدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىنى دېمەيلا قوياي، ئىككى چىشلەم يەپ غىققىدە بولدۇم. لېكىن، بۇرادىرىم ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن بارغان تۆت - بەش ئادەم ھېلىقى گۆشنى بىردەمدىلا يەپ تۈگەتتى، خام شورپىغا نان چىلاپ ئىچىشتى. ئاندىن، مانتىخانىغا كىرىپ، خام - پىششىق دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي نەچچە كۈن ئاچ قالغاندەك مانتا يېدى... قارىسام، «ئۇ پەز - بۇ پەز»لەرنىڭ ئالدىدا باس - باس كىشىلەر «ماڭا - ماڭا...» دەپ ۋارقىرىشىپ بىر نەرسىلەرنى يەۋاتىدۇ، ھەيران قالدىم. ئاڭلىسام، دېھقانلار ھەپتىدە بىر قېتىم بازارنىڭ تامىقىنى بولۇشىغا يەۋالىدىكەن.... ھەتتا پۇلى بولمىسا، قەرزگە يەيدىكەن، ئىچىدىكەن، بەزى ئادەملەر بىرەر چارەك ئاشلىق ياكى تۇخۇسىنى ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا لۆجە لەغمەن، زەھەردەك

قىممەت، خام - خاتا يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ مەززە قىلىدىكەن. تووۋا، شۇ نەرسىلەرنى ئۆيدە ئېتىپ يېسە بولمامدۇ؟ توخۇنى سېتىپ گۆش ئېلىپ يېگۈچە، بېقىپ تۇخۇمىنى يېسە ياكى سېتىپ خەج - خىراجەت قىلسا بولمامدىغاندۇ! گۆش يېگۈسى كەلسە توخۇمۇ گۆشقۇ؟ ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يېسە بولمامدۇ؟ دەپ ئويلاپ، بۇرادىرىمگە: «شۇ نەرسىلەرنى ئۆزۈڭلار ئۆيۈڭلاردا ئەتسەڭلارمۇ بولىدىغۇ» دېسەم، «بولىدۇ» دېدى، تېخى تەملىك، مەززىلىك، تېجەشلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن «سىلەر شەھەرلىكلەر بىراقلا يەپ تۈگىتىش ئىسراپچىلىق بولىدۇ دەيسىلەر، بىز گالدىن ئۆتكەن غەنىيمەت دەيمىز، بۇ بىزنىڭ شەھەرلىكلەر بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرىمىز. يېزا دېگەندە تاپقاندا يەيمىز، تاپالمىساق ئولتۇرىمىز» دېدى. مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ: «لېكىن، سىز بۇنداق ئىسراپچىلىقنى قىلماڭ، بىر كۈندە بۇزغان پۇلنى بىر ھەپتە سەرپ قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت سۈپەتلىك غىزالىنىشنى ئىشقا ئاشۇرسىڭىز، ھەم نامراتلىشىپ كەتمەيسىز، ھەم قالايمىقان غىزالىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولمايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بازاردىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىمۇ ياخشى ئەمەس، يۇقۇملۇق كېسەللىك پەيدا قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ» دېدىم.

ھۇسەنجان گېپىمگە يارىشا ئۇزاق سۆزلىدى، ئۇنىڭ گېپى ئەمەلىي بولۇپ، دېھقانلار تۇرمۇشىدىكى ئورتاق بىر خىل ھادىسە ئىدى.

شۇنداق، يېيىش - ئىچىش ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ھوقۇقى، بۇنى توسقىلى، مۇقىم بەلگىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ، كۆنۈپ قالغان ئادەتنى ئۆزگەرتىشمۇ ئاسان ئەمەس. ئۇلارنىڭ يېيىشى، ئىچىشى يوللۇق، ئەمما ئۇنىڭ ئىلمىي، توغرا بولغىنى ياخشى. شۇ چاغدىلا يېمەك - ئىچمەك بەدەنگە پايدىلىق بولىدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خىل ئاپەتنى ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ - يوق! ئەلۋەتتە دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. بۇنىڭدا

مۇھىمى دېھقانلارنى بىۋاسىتە توسىماي، ۋاسىتىلىك ھالدا توسۇش، ۋاسىتە ئارقىلىق قايىل قىلىپ، پايدا - زىياننى ئايدىڭلاشتۇرۇش چۈشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئادەتتە بىر ئايدا تۆت بازار كېلىدۇ، بىر ئائىلىدە بەش جان بولسا، تۆت قېتىم بازارغا بېرىپ، تۆت قېتىم تويۇۋېلىشقا ئاز بولغاندا 300 يۈەن، كۆپ بولغاندا 400 يۈەن كېتىدۇ، 400 يۈەن شەھەرلەردىكى ئوتتۇراھال بىر خىزمەتچىنىڭ بىر ئايلىق ئىش ھەققى دېگەن گەپ (بۇ ئەينى يىللىرىدىكى مائاش)، بۇ پۇل بىلەن خېلى نۇرغۇن ئىشلارنى يۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ. ئىشچى ئائىلىسى 400 يۈەننى بىر ئاي پىلانلىق ھالدا ئىشلىتىپ، ھەر كۈنى تامىقىغا يېڭى كۆكتات، گۆش ئىشلىتىدۇ، كىيىم - كېچەك كىيىدۇ، تۇرمۇشنىڭ باشقا ساھەلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، تۇرمۇش بىر قەدەر پاراۋان ئۆتىدۇ. دېھقانچۇ؟ 400 يۈەنلىك يېمەك - ئىچمەكنى تۆت بازاردىلا يەپ - ئىچىپ تۈگىتىدۇ. بۇ ئىككى خىل سېلىشتۇرمىدىن بىھۇدە ئىسراپچىلىق بىلەن، تەرتىپلىك، تېجەشلىك ئىستېمالنىڭ پەرقىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر دېھقان تۇخۇمنى سېتىپ پۇلىغا گۆش يېمەي، توخۇدىن تۇخۇم ئالسىمۇ ياكى توخۇنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، گۆشكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى بىر توخۇنى 18 يۈەنگە ساتسا، پۇلىغا بىر كىلوگىرام قوي گۆشى كېلىدۇ؛ توخۇنى ئۆلتۈرسە ئاز دېگەندىمۇ ئىككى كىلوگىرامدىن ئارتۇق سۈپەتلىك گۆش چىقىدۇ، بۇ بىر كىلوگىرامغا قارىغاندا كۆپ ئەمەسمۇ؟ لەغمەن، پولۇ ئېلىپ يېگەن پۇلغا خام ماتېرىيال ئالسا، ئىككى - ئۈچ ھەسسە كۆپ كېلىدۇ. بىر قېتىم تويغاننىڭ ئورنىغا ئىككى - ئۈچ قېتىم تويىدۇ. كۆكتاتنى پۇلغا سېتىۋالماي ئۆزى تېرىپ يېسە كۆپ چىقىمنى تېجەپ قالالايدۇ. بىراقلا يېيىشنى ئاز - ئاز، كۈندە يېيىشكە ئۆزگەرتىپ، يېمەكلىكنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىسا، تەنگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا بىھۇدە يەپ - ئىچىشكە كەتكەن بىرنەچچە مىڭ يۈەن تېجىلىپ قالىدۇ - دە، تۇرمۇشى

ياخشىلىنىدۇ.

دېمەك، قالايمىقان يېيىش دېھقانلارنىڭ نامراتلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋاتقان يەنە بىر ئىجتىمائىي سەۋەبتۇر.

## ھېسابات ھەققىدە ھاسىلات

ئالدىنقى كۈنى، يېزىدىكى بىر تۇغقىنىمىز كېسەل كۆرسەتكىلى مېنى پاناھ تارتىپ كەلگەن بولغاچقا، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ، كەچتە ئۆيۈمدە قونىدۇردۇم. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئادىتىم بويىچە دېھقانچىلىق ئەھۋالى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا سورىدىم.

— بۇ يىل 18 مو يەرگە كېۋەز تېرىغان، ناھايىتى ئوخشىدى، — دېدى ئۇ.

— چامىڭىزچە نەچچە پۇل كىرىم قىلارسىز؟

— بۇ يىل كېۋەزنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى، بولتۇرقىدەك 40 يۈەندىن ئاشۇرۇپ ئالىدىغان بولسا، خېلى بىر گەپ بولۇپ قالاتتى، لېكىن ھېلىھەممۇ ھەر موسىدىن مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇپ كىرىم قىلارمەن.

— قانچىلىك چىقىمى بار؟

— توققۇز مىڭدىن 11 مىڭغىچە چىقىم بولىدۇ.

— چىقىم بەك كۆپمۇ - قانداق؟

— دەسمىينى ئاز سالمىز دېسەك، يەرلەر خىمىيەلىك ئوغۇت بىلەن سولياۋ يوپۇققا كۆنۈپ قالدى، ئىشلەتمىسەك ھوسۇل بەرمەيدۇ، ئىشلەتسەك، چىقىم كۆپىيىپ كېتىدۇ، كەنت - مەھەللىنىڭ ئۇ پۇل، بۇ پۇل دەپ تۇرىدىغان سېلىقىمۇ ئاز ئەمەس.

— ئۇنداقتا، سىزگە 6 ~ 7 مىڭ يۈەن ئاشىدىكەن - دە،

— شۇنچىلىك! كۆپ بولسا يەتتە مىڭ يۈەن ئەتراپىدا.

— 18 مو كېۋەزلىككە ئۆيىڭىزدىن قانچە ئادەم ئىشلەيدۇ؟

– بىز ئالتە نوپۇس، ھەممىمىز ئاساسەن كىيىمىز بىلەن ھەپىلىشىمىز.

– شۇنداق بولغاندا، ئالتە ئادەمگە 1160 يۈەندىن كۆپرەك توغرا كېلىدۇ، دېمەك، سەككىز ئايدا بىر ئادەم شۇنچىلىك پۇلغا ئىشلىسە، كۈندە نەچچە پۇلغا ئىشلەيدۇ، سەككىز ئاي ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 كۈندىن 240 كۈن بولىدۇ، بىر ئادەم 240 كۈندە 1160 يۈەنگە ئىشلىسە، بىر كۈندە تۆت يۈەن نەچچە سىنتقا ئىشلەيدۇ، ھەي، ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ، بۇ بەكمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش، پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئادەم بىر كۈندە ئۈچ ۋاق تاماقنى ئۆيدىن يەپ، تۆت يۈەن نەچچە سىنتقا ئىشلىسە، بالانىس بولمايلا قالماستىن، زىيان كۆرۈلىدۇ...

– زىيان بولىدۇ دېسەك، قانداق جان باقىمىز؟

– ئالتە ئادەمنىڭ ھەممىسىنى كىيىمگە قارىتىۋالماي، بىر قىسمى باشقا ئىش قىلسا، ئۇنۇمى ياخشى بولمامدۇ؟

– نېمە ئىش قىلىدۇ دېھقان دېگەن، يا ھۈنەر بولمىسا، تىجارەت تېخى قولىمىزدىن كەلمەيدۇ.

– كەتمەن چېپىش كېلىدىغاندۇ؟ كىيىمزنى ئىككى ئادەم باشقۇرۇپ، تۆت ئادەم باشقا جايغا بېرىپ، قۇرۇلۇشتا ۋە باشقا جىسمانىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئىشلىسە، ھەر كۈنى قورسىقىنى بېقىپ ئاز دېگەندىمۇ 20 يۈەنگە ئىشلەيدۇ، بۇنىڭدىن ئون يۈەن باشقا چىقىمغا كەتسىمۇ، ئون يۈەن ئاشىدۇ دېگەن گەپ. تۆت ئادەم بىر كۈندە 40 يۈەن پايدا ياراتسا، 240 كۈن دېگەندە 9600 يۈەن پايدا يارىتالايدۇ، بۇ، كۈندە تۆت يۈەن نەچچە سىنتقا ئىشلىگەندىن مىڭ ئەلا ئەمەسمۇ؟

– باللار ئۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ، مەدىكار ئىشلەشتىن نومۇس قىلىدۇ. راست ئەمەسمۇ، قۇرۇلۇشلاردا ئىشلەش سەت بىر ئىش، خەق مازاق قىلىدۇ، كەمسىتىدۇ.

– بۇ قاملاشمىغان گەپ. ئىشلەپ پۇل تېپىشتىن نومۇس قىلغان ئادەمنى پىت باسىدۇ، پۇل تاپمىغان، ھۇرۇن باللارغا

نېمىدەپ نان بېرسىز؟ ئۆتكەندە، بىرسى ئاتايىتەن قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ، قوروْلۇشتا ئىشلەيدىغان ئادەمدىن ئون نەچچىنى توختاملىشىپ ئېلىپ كەتتى. شۇ ئادەملەر سىزنىڭ مەھەللىڭىزدە ئىشلىدىغۇ؟

— ھەئە، ئىشلىدى!

— شۇ يەردە سىزنىڭ باللىرىڭىز ئىشلىسە بولمامدۇ؟ ئاڭلىسام، قوروْلۇش كۆتۈرە ئالغۇچى ئىشلەيدىغان خەنزۇلارنىمۇ، يەرلىك كىشىلەرنىمۇ تاپالماي، قەشقەرگە كېلىپ ئادەمنى ئېلىپ بارغان. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، يەنە نېمىدەپ ئىش يوق دەپ ۋايسايسىز؟

— بۇنداق ئىش ھەمىشە بولمايدۇ دەڭا!

— بۇ يەردە بولمىسا، باشقا جايلاردا بار، ئىزدىسەڭ ئىش دېگەن جىق، ھازىر شەھەرلەردىمۇ دېھقان قىلسا بولىدىغان نۇرغۇن ئىش بار. ھېچ بولمىسا، ئۇچ چاقلىق ۋېلىسىپىتتىن بىرنى ئېلىپ، قوغۇن ـ تاۋۇز ساتسىمۇ، مال يۆتكەش بىلەن شۇغۇللانسىمۇ پۇل تاپالايدۇ، گەپ ئىرادىدە، ئەمما ئىشلىدىم دەپ قالايمىقان ئىشلەۋەرمەي، ھېسابات قىلىپ، تەننەرخ ھېسابلاپ، پايدا ـ زىياننى ئايرىپ ئىش قىلمىسىمۇ جان باققىلى بولمايدۇ. نېمە ئىشتا پايدا بولسا شۇنى قىلىش كېرەك. ئادەم يەر تېرىمىسىمۇ جان باققىلى بولىدۇ، مۇھىمى يەرنىمۇ مۇۋاپىق تېرىش، مۇۋاپىق پەرۋىش قىلىش، باشقا ئىشنىمۇ قىلىش كېرەك. يەردىن كۆپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن، ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىش بىلەن بىرگە، چېنىغا چىقىرىپ كۆپ تېرىش كېرەك. دېھقانچىلىقنىڭ جاپاسى يەرنى كۆپ تېرىسىمۇ، ئاز تېرىسىمۇ ئوخشاش بولىدۇ، ئەمما كۆپنىڭ پايدىسى كۆپ بولىدۇ.

— گېپىڭىزدىن كاللام سەگىپ قالدى، راست، ھېسابات قىلىشقا سەل قاراپ قاپتىمەن....

بۇ بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزدىكى ئەھۋال بولۇپ، ھال كۆنى خېلى ياخشى دېھقانلارمۇ تەننەرخ ھېساباتى بىلەن كارى بولماي،

تېرىقچىلىقنىڭ زىيىنىنى ئېغىلدىكى چارۋىنى سېتىپ ياماىدۇ، ئاخىردا ئۆزلىرىمۇ تۇيماي نامراتلىشىپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدا دېيىلگەن بىر قاتار ئىشلار دېھقانلارنى نامراتلاشتۇرۇۋاتقان ئاساسلىق ھەم بىۋاسىتە سەۋەب بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ كانىيىنى ئۆزى بوغۇۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قوشۇمچە سەۋەبلەرمۇ بار، لېكىن ئۇ پەقەت بىلىپ - بىلمەي سادىر قىلغان سەۋەنلىك بولۇپ، ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بىز تەكىتلىگەن بىۋاسىتە سەۋەب بىلەن ۋاسىتىلىك سەۋەب ئاساسلىقى مۇنداق ئالتە چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## ئېتىز ۋە بېقىنىۋېلىش

دېھقان ئېتىزغا تايىنىپ، يەرگە بېقىنىپ ياشايدۇ. شۇڭا تېرىقچىلىققا تەبىئىي ھالدا جان پىدا قىلىدۇ. ئەمما، دېھقانمۇ ھېسسىياتلىق ئادەم بولغاچقا، مۇۋاپىق ئارام ئېلىشى، باشقا پائالىيەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن قورساق كۆپۈكى بار بولۇپ، ئادەمدەك ياشاش، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. ھازىرقى دېھقانچىلىق ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىگە ئوخشىمايدۇ، ئەمما، يېزىلاردا باشقۇرۇش جەھەتتىكى قاتماللىق تېخى تولۇق ئۆزگەرگىنى يوق.

شۇنداق بىر ئىش مېنىڭ زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، 1980 - يىلدىن كېيىن يەرلەر ئاۋۋال گۇرۇپپىغا، ئاندىن ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى. دېھقانلار يەرگە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن غايەت زور مول ھوسۇل ئالدى. ئىشلىگەنىنىڭ بىۋاسىتە پايدىسى ئۇلارنى ئۆزىنى ئۆزى ئېتىزغا ھەيدەش دەرىجىسىگە يەتكۈزدى. ئۇلار ھۇرۇنلۇقنى تاشلاپ،

يەرلەرنى تالىشىپ تېرىدى. پەقەت دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىش ئىشلىرىدىلا ئەترەت باشلىقى ھەيدەكچىلىك قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، دېھقانلار مۇستەقىل، ئەركىن، ئازادە ئىشلىدى. ۋاھالەنكى، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دېھقانلاردا بۇنداق روھ يوق، كىچىككىنە باھانە تاپسا يەرنى تاشلاپ بېرىشكە كۆزى تۆت، ئىشقا، ئېتىزغا چىققىلى ئۇنىمايدۇ، سەۋەبى: بەزى يەرلىك «خاقان»لار ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ تۈزۈم، سىياسەتنى يۇقىرىنىڭ قانۇن - پەرمانلىرى بويىچە ئىجرا قىلماي، ھېسسىياتىنى سىياسەت ئورنىغا دەسسەتتى. نەتىجىدە، ئادەملەر يەرگە بېقىنماي، يەر ئادەملەرگە بېقىنىپ قالغاچقا، يەرنىڭ ئوغۇت ۋە سۇغا بولغان ئېھتىياجى يېتەرلىك ھالدا كاپالەتلەندۈرۈلمەي، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مەھسۇلات بىلەن تەننەرخ ئوتتۇرىسىدىكى تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت كېلىپ چىقىپ، ئەمگەكنىڭ زايە بولۇشى يۈز بەردى، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، سىياسەتچانلىقى يۇقىرى بولغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى دېھقانلارنى يىل بويى ئېتىزدىن كىرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇپ، ئارام ئېلىش ۋە باشقا مەنىۋى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش يوللىرىنى ئەتتى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىستەكلىرى يوققا چىقىپ، ئۇلارنىڭ روھىدا «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئەمەلىيەتتە، يەرنى دېھقانغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقى بارلىقى ھەممە كىشىلەرگە ئايان، ئەمما يەر تەقسىملەپ بېرىلگەن بىلەن پايدىلىنىش ئەركىنلىكى، باشقۇرۇش ھوقۇقى توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا، ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى ئەھۋالدا دېھقانلار يەرگە ئۆزى خالىغىنىنى تېرىش، قايسى خىل ئىشتا پايدا ئالالىسا شۇنى قىلىش، چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىق، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ خىل ئارزۇ بۇگۈنكى كۈندە جايلاردا ئەمەلىيلىشىشكە يۈزلىنىپ، دېھقانلارنى كۈچىنىپ

ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرماقتا. بۇ بىر تۈرلۈك ئىجابىي يۈزلىنىش بولسىمۇ، كونا قاراشتىكى ئايرىم يەرلىك «خاقانلار»نىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكىنى يوق. ئۇلار يەنىلا شەخسىي پايدا ـ مەنپەئەتنىڭ چوتىنى سوقۇپ، دېھقانلارغا «ئەركىنلىك» بەرمەيۋاتىدۇ.

يوپۇرغا ناھىيەسىدىن كەلگەن بىر دېھقان مۇنداق دېدى:

ـ كېيىن دېھقانلارنى باي قىلىشنىڭ ئاساسى، كېيىن تېرىش تەكشىلەنگەن دەسلەپكى يىللاردا شۇنداق بولغانلىقى، ئۇنىڭ راستلىقى دەلىللەنگەن. كېيىنكى يىللاردا دېھقان تېرىپ تەييار قىلغان پاختىنى ئېلىپ ساتقانلار، ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ تېرىتقانلار باي بولدى، بازار ئىگىلىكى پۇل قارىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ باشقۇرغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇلار يوچۇقتىن پايدىلىنىپ نەپ ئۈندۈرۈشكە جان ـ جەھلى بىلەن بېرىلدى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا قاقتى ـ سوقتى قىلىشتىن ئىبارەت سەلبىي ھېسسىيات بولغاچقا، دېھقانغا ئارامىلىق بەرمەي، «ئىگىسى يوق دېھقان» نى بوزەك قىلدى.

تېگىدىن ئالغاندا پاختا كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ، ئۇنىڭ پايدىسى ھەقىقەتەن زور، بۇ پايدا يالغۇز دېھقانغىلا ئەمەس، زاۋۇت ـ كارخانىلارغا، بازار ئوبوروتىنىڭ جانلىنىشىغا غايەت زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. ئەمما، ھازىرقى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆلەملىشىشى تۈركۈملىگەن يەككىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان، ماشىنىلاشمىغان، ئىلمىي يوسۇندا يۈرۈشلەشمىگەن قالاق ئىگىلىك بولغاچقا، ھەرقانداق بىر ئائىلە تولۇقلاش خاراكتېرىدىكى بىرقانچە قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانمىسا روناق تاپالمايدۇ، «ئالتۇن تۇغىدىغان توخۇ» باقىدىغان بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىغان دېھقان ئائىلىسى ئېتىزغا قانچە ئىشلىگىنى بىلەنمۇ ياخشى ياشاش، باي بولۇش ئىمكانىيىتى يارىتالمايدۇ.

# ئەۋزەللىك ۋە مەھرۇم قىلىش

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا «بەشتە بىر تۇتاش» بولۇش كوللېكتىپ ئىگىلىكى ۋە كۆلەملەشكەن ئىگىلىك ئۇچۇن ئىنتايىن پايدىلىق. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەۋزەللىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى بار. تېرىقچىلىق ئەسلىھەلىرى يوق ئائىلىلەر ئۇچۇنمۇ شۇنداق، لېكىن، تېرىقچىلىق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى بار دېھقانلار ئۇچۇن ئالغاندا ماشىنا مەشغۇلاتىدىكى بىر تۇتاشلىق زىيان كەلتۈرىدۇ. ئادەتتە، «بەشتە بىر تۇتاش بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلغاندا، مەلۇم ئادەملەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى مەشغۇلاتقا قاتناشتۇرۇلۇپ، پايدىنى شۇلار ئالىدۇ، كۆپ سانلىق دېھقانلارنىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى تېرىقچىلىققا قاتناشتۇرۇلمايدۇ. نەتىجىدە، ئۆزىنىڭ يېرىنى ئۆزى تۆۋەن تەننەرخ بىلەن تېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي، باشقىلارنىڭ ماشىنىسىغا يۇقىرى تەننەرختە ھەق تۆلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن يىلىغا بىرنەچچە مىڭ يۈەن ئارتۇق چىقىم بولىدۇ. بىر تۇتاش تېرىشنىڭ ئۈنۈمى جەھەتتىن پايدىسى كۆپ، بولۇپمۇ سۈپەتلىك تېرىشتا رولى ناھايىتى چوڭ، ئەمما ماشىنا مەشغۇلاتىدا باشقا بىرمۇنچە تەرەپلەر تازا ئۈنۈملۈك ئەمەس، ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ جانلىق ئىشلەتسە، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى بار نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ چىقىمى تېجەلگەندىن باشقا، رىقابەت كۈچىيىپ، سۈپەت ئۆزلۈكىدىن ئۆسىدۇ، دېھقانلار يەر ئاغدۇرۇش، تېرىش، پەرۋىش قىلىشتا كىمنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ياخشى، تەننەرخى تۆۋەن بولسا، شۇنى ئىشلىتىپ ھەممە تەرەپتىن پايدا ئالىدۇ. ماشىنا ـ تىراكتورلىرى بار دېھقانلار يەنە قوشۇمچە كىرىم قىلىپ، ئىقتىسادىي ئاساسىنى ياخشىلاش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. دېھقانلار تېرىقچىلىققا كەلگەندە ھەرگىز نادان ئەمەس، تەرتىپ ۋە باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشتىن ئىبارەت پۇرسەت يارىتىلسا، شەخسلەرنىڭ قىزغىنلىقى

ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كېلىدۇ ـ دە، كىشىلەر نېمە قىلىشىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، نۇرغۇن ئىشلارنى ھەيدىمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن قىلىدىغان بولىدۇ. ئەمما دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ۋە باشقا بىر مۇنچە ساھەلەردە مۇشۇنداق ئىشلاردا جانلىق بولماسلىق ئەھۋاللىرى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «بەشتە بىر تۇتاش بولۇش»تا يالغۇز ماشىنا ئارقىلىق بىر تۇتاش قىلىشتىلا مەسىلە مەۋجۇت بولماستىن، قالغان تۆت تەرەپتىمۇ بېكىنمىچىلىك بار. مەسىلەن، خىمىيەلىك ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش، تېرىگىنىلەش دورىسى قاتارلىقلار بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەش ئىشلىرىدىمۇ بىر تۇتاش بولۇش تېگىدىن دېھقانلارغا ياقمايدۇ. بۇ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى، تۇپراق شارائىتى ۋە باشقا بىر قاتار تەرەپلەرگە دېگەندەك باب كەلمىگەنلىكتىن باشقا ئىش ئەمەس، بۇ يەردە شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، ھەر قانداق تەدبىر ۋە ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى، پۇرسىتى، دەۋرى بولىدۇ. ئۇ مەلۇم دەۋرگە كەلگەندە ماس كەلمەي قالىدۇ ياكى ئەھۋال ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، بەزى تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش زۆرۈر بولىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا يەنىلا ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش دەۋرنىڭ ئېھتىياجى.

مەيلى يېزا ئىگىلىكىدە بولسۇن، مەيلى سودا ـ سانائەت ساھەسىدە بولسۇن، قېلىپلىشىپ قالغان تەدبىر، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ھەرقايسى تارىخىي شارائىتقا قاراپ ئۆزگەرتىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جانلىقلىقىنى، ئەمەلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرمىغاندا، ئۆلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەر دۆلەت ۋە شەخسلەرگە بىردەك زىيان يەتكۈزىدۇ. دېھقانلارنىڭ باي بولۇشىغا، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىگە توسالغۇ بولىدۇ. ھەتتا، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ئۆزىنىڭ چىقىمىنى ئۆزى قامدىيالماي، نامراتلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. ئەۋزەللىك بىلەن مەھرۇم قېلىش تەڭ

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا تەبىئىي ئەۋزەللىكنى چىقىش قىلىپ، ئۇنىڭ بايلىق ئۇستۇنلۇكىنى مەھرۇم قىلىش ئۇستىگە دەسسىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك.

## «ھەممىنى پۇل ھەل قىلىدۇ» نىڭ ئورنى نەدە؟

ناھىيە بازىرىدا كېتىۋاتسام بىرسى ئىسمىمنى چاقىردى. بۇرۇلۇپ قارىسام، بىر يۇرتدىشىمنىڭ ئوغلى ئىكەن.

— ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز قانداق؟ — دېدى ئۇ سالام - سائەتتىن كېيىن.

— ھەر ھالدا يامان ئەمەس.

— گەپنى ئۇدۇللا دەي، ئىنىمنىڭ خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان ئىدىم، ئاچچىقىمغا پايلىماي قول تەگكۈزۈپ ساپتىكەنمەن، ئۇششۇقلۇق قىلىپ، دوختۇرخانىدا يېتىۋالدى، ئىنىم دېگەن مازمۇ ئۇنىڭغا بولۇشۇپ مەن بىلەن جېدەل قىلدى، ئاتا - ئانامۇ ئىككى قاش بولۇپ كەتتى، ئىنىمنىڭ خوتۇنى بېشەم، بۇزۇق ئايال بولغاچقا، ئىنىمنى تېخى بوزەك قىلىدۇ، ئاتا - ئانامنى تېخى كۆزگە ئىلمايدۇ... ئۇ خوتۇننىڭ ئەرزىگە ئاساسەن مېنى ئامانلىق ئىشلىرى بويىچە 15 كۈنلۈك توختىتىپ قويىدىكەن ياكى 500 ~ 600 يۈەن پۇل تۆلىسەم ئىش پۈتىدىكەن. باشلىق بىلەن تونۇشقاندىكىن، مېنىڭ شۇ ئىشىمنى پۇل تۆلەپ قۇتۇلىدىغان تەرەپكە بۇرىسىڭىز... شۇنىڭغا ئاتاپ 1000 يۈەن ئېلىپ كەلدىم، ئەگەر پۇل ئالماي ھەل قىلىپ قويسىڭىز، شۇلارغا بېرىدىغان پۇلنى سىزگىلا...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر قىسىملا بولدۇم. ئالدىراش ئىشىممۇ قالدى، ياق دەي دېسەم تېخى، ماقۇل دەي دېسەم تېخى.

— ياخشى بولماپتۇ، — دېدىم مەن ئاخىر، — ئىنىڭنىڭ خوتۇنى ئۇستىدىن نارازىلىق قىلغىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن قىسمەن توغرا بولسىمۇ، قانۇنىي جەھەتتىن ئالغاندا خاتا. مۇبادا

توغرا بولىدىغان بولسا، سەن ھازىرقى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايتتىڭ! ھەممە ئىشنى پۇل بىلەنلا ھەل قىلىمەن دېمە. بەزى ئىشلارنى پۇل بىلەن ئەمەس، مەلۇم جەريان، ھەرىكەت ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. سەن قانۇن ئالدىدا بويۇنتاۋلىق قىلماي، خاتالىقىڭنى چىرايلىقچە بوينۇڭغا ئېلىپ، كېلىنچەكنىڭ ئاتا - ئانىسىغا چاي تۇتقان بولساڭ، بۇ ئىشمۇ بولماستى، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا سوغۇقچىلىقمۇ تۈگەپ قالاتتى. ئەمدى ئىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپتۇ، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ باق، توختىتىشقا 15 كۈن ياتقىنىڭ تۈزۈكمۇ ياكى 500 ~ 600 يۈەن تۆلىگىنىڭمۇ؟ سەن بىرەر مىڭ يۈەن ئەمەس، ئەدناسى 500 يۈەن پۇلنى 15 كۈندە تاپالامسەن؟

– ياق، قاسساپلىقمۇ چىڭىپ كەتتى. 15 كۈندە ئىككى بازارغا باردىم، 10 قوي سويۇپ ساتالىسام، ئاران 150 يۈەن پايدا تاپالايمەن، ئېتىزنىڭ ئىشىغۇ چاغلىق.

– شۇنداق ئىكەن، 15 كۈنلۈك تاپاۋەت بىلەن جەرىمانىغا تۆلىمەكچى بولغان پۇلنىڭ مىقدارىنى سېلىشتۇرۇپ باق، قايسىسى پايدىلىق بولسا، شۇنى قىل.

– ئۇنداقتا 15 كۈن ياتسام بولىدىكەن - دە!

– ھەئە، شۇنداق قىل، مېنىڭچىمۇ ھازىرقى ئەھۋالدا قارشى تەرەپنىڭ تەقەززاسى شۇ. ھۆكۈم چىقىپ بولغانىكەن، ئۆزگەرتىشكە يەنە خېلى جەريان كېتىدۇ. ئەخمەق بولماي، قولۇمدىكى نەق پۇل زايە بولمىسۇن دېسەڭ، 15 كۈن دېگەن بىردەمدە تۈگەيدۇ، شۇنداق قىل، توختىتىش ئورنىمۇ ئادەم يېمەيدۇ، يا ئىشلەيسەن، يا ئارام ئېلىپ ياتىسەن، ھاياتنى قايتا چۈشىنىسەن؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ئىنىڭنىڭ خوتۇنىمۇ «سولاتتىم، ئىناۋىتىنى تۆكتۈم» دەپ خۇشال بولۇپ، ئاچچىقى يېنىپ قالىدۇ، يولۇمنى ماڭمىدى، ئېرىندى دېسەڭ بولمايدۇ، شۇنداق قارىساڭ، مەن دەرھال ج خ ئىدارىسىغا كىرىپ باشلىق بىلەن سۆزلىشىپ باقىمەن.

— بولدىلا، دېگەنلىرىڭىز بويىچە قىلاي. لېكىن، دادام، ئانىلار «توختىتىپ قويىدۇ» دېسە، بەك قورقۇپ ئالاقزەدە بولۇپ كېتىدىكەن، ئۇلارغا چۈشەندۈرىمەن. شۇ تاپتا ئىنىمنى، خوتۇنى ئەسكىنى قىيما - چىيما قىلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ...

— ئەسلىدە بۇنداق ئىشقا ئارىلاشقانىڭ پايدىسى يوق. سىلەر «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» دەپ ئۆز ئىچىڭلاردا چىرايلىق تۈگەتكەن بولساڭلار ياخشى بولاتتى...

— پۇل تاپماقمۇ بەك تەس بولۇپ كەتتى، 15 كۈن «ئارام» ئالايچۇ.

— ئۇرۇق - تۇغقانىنىڭ بېغى مەھكەم بولىدۇ، سەن توختىتىشتا تۇرساڭ ئىنىڭمۇ، ئىنىڭنىڭ ئايالىمۇ دەمال خۇش بولغاندەك قىلغان بىلەن ئازابلانماي قالمايدۇ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، سېنى يوقلاپ كېلىشىمۇ مۇمكىن، ئۇ چاغدا مۇناسىۋەتنىڭ ئەسلىگە كەلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ نەتىجىدە، بىرى سەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان تارتمايسەن، يەنە بىرى، روھىي جەھەتتىن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىگە بولىسەن، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئاداۋەتمۇ تۈگەيدۇ. ئۇلار سەندىن ئۇيالماي قالمايدۇ. سەن بۇ ئىشنى پۇل بىلەن تۈگەتسەڭ، تەسىرى ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن...

مەن بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن يۇرتقا بارغىنىمدا، ئۇ گەپلىرىمنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئالدىنقى يىلى يازدا، ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىدىكى بىر نەۋرە تۇغقان ۋە بۇرادەرلىرىدىن ئۈچ كىشى مۇنداق بىر پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەسلىدە نەۋرە ئاكىسىنىڭ خوتۇنىغا كۆزى چۈشكەن نەۋرە ئىنىسى ئۇ خوتۇن بىلەن بىرلىشىپ نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئېشىغا چاشقان ئۆلتۈرۈش دورىسى سېلىپ ئىچۈرگەن، بۇ جىنايەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن نەۋرە ئاكىسىنى سۇدا ئۆلدى قىلىشنىڭ پېيىگە چۈشكەن، ئۇلار يەنە بىر ئاغىنىسى

بىلەن دەرياغا سۇغا چۇشكىلى بىللە ئېلىپ بارغان، ئەپسۇسكى، چاشقان دورىسىنىڭ كۇچى ۋە زەھىرى سۇدا تارقاپ كەتكەن، بۇنى سەزگەن نەۋرە ئىنىسى نەۋرە ئاكىسىنى سۇغا بېسىپ، تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۇرگەن، كىشىلەر ئۇنى سۇدا ئۆلگەن دەپ بىلىپ جەسەتنى يەرلىكىدە قويۇۋەتكەن. كېيىن ئۆلگۇچىنىڭ ئايالى ئاشنىسى بىلەن توي قىلغان ۋە يوقىلاڭ ئىشقا ئازارلىنىپ قېلىپ، ھېلىقى قاتىللىق ۋەقەسىنى ئاشكارىلىغان. قاتىل ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ناھايىتى ئالاقزەدە بولۇپ، قارىغۇلارچە «ھەرىكەت» قىلغان ۋە ئۇنى ئۆلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ، نۇرغۇن پۇلغا قەرزدار بولۇپ قالغان. ئەسلىدە قاتىل ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەتىۋارلىق بالىسى بولۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بەش قېتىم ئۆيلەنگەن، ئاتا - ئانىسى بۇنى توسۇمايلا قالماي، بەلكى خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىشنى نوچىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ، ھەممە چىقىمنى «نوچىلىق» بىلەن ئۇستىگە ئالغان. قېچىپ كېتىمەن، پالانىنىڭ ئۆيىنى بۇزىمەن، ئوت قويۇپ بېرىمەن دېسە، ھەممىگە رازى بولۇپ، كىمنى ئالىمەن دېسە شۇنى ئېلىپ بەرگەن. لېكىن، ئايرىم، مۇستەقىل ياشىشىغا پۇرسەت بەرمىگەن ۋە شۇنداق ياشاش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇشىگە تۇرتكە بولمىغان. ئاخىردا قاتىللىق قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن. قەرزگە بوغۇلغان ئاتا - ئانا ئوغلى قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئازابقا چىدىماي، ئارقا - ئارقىدىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان، قەرز باشقا ئۇرۇق - ئەۋلادىغا يۈكلەنگەن.

— بۇگۇن سىزگە ئىش قىلدۇرىدىغان ئادەم چىقمىدىمۇ؟ - دەپ سورىدىم مەن كونا شلەپە كىيىۋالغان، يۈز - كۆزلىرىنى قويۇق ساقال - بۇرۇتلار قاپلىغان، چىرايى سېرىققا مايىلراق كەلگەن 50 ياشلار چامىسىدىكى بىرەيلەندىن.

— بىزدەك قېرىلارنى ئىشلەتمەيدىكەن، — دېدى ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ.

ئۇقۇشۇمچە، بۇ كىشى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ يىلىقچى يېزىسىدىن بولۇپ، ئانىسى بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بالىسىنى ئىزدەپ ئاقسۇ، قەشقەرلەردە ئاۋارە بولۇپ يۈرگىنىگە بىر ئاي بوپتۇ. كۆزى ئاجىز بولغانلىقى ئۈستىگە يانچۇقىدا پۇلى تۈگىگەنىكەن. ئىشلەپ 20 ~ 30 يۈەن پۇل تېپىپ يۇرتقا كېتىۋالاي دېسە، دەل كۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندەك ئىشلىتىدىغان ئادەم چىقماپتۇ.

يېزىلاردا بالىلارنىڭ جېدەل - غوۋغالىرىغا ئۇچراپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ، يۇقىرىقىدەك ئازابقا، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر كۈنگە قالغان ئاتا - ئانىلار ئاز ئەمەس، ئۇلار بەڭباش بالىلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن قول - ئىلكىدە بارىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن باشقا، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

تەرەققىي تاپقان ئەللەردە 18 ياشتىن ئاشقان بالىلارنىڭ ھەممە ئىشى ئاتا - ئانىسىنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇلار مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەچكە، نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئاتا - ئانىسى ئارىلاشمايدۇ، بېقىندۇرۇۋالمايدۇ. بېقىندۇرۇ-ۋېلىشنىڭ زىيىنى ناھايىتى زور بولىدۇكى، قىلچە پايدىسى يوق. بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدا ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپلا قالماي، تېخى بالىلار باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىدۇ، ھەتتا ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ نىكاھ، تۇرمۇش، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتلىرىگىچە بىھۇدە ئارىلىشىپ، ھەممە تەرەپكە زىيان يەتكۈزىدۇ. نەتىجىدە، باي ئائىلە نامراتلىشىدۇ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەسرەت - نادامەت ۋە ئازاب چېرماپ، جانغا زامىن بولىدۇ. چۈنكى، ئىقتىسادىي زىيان ھاياتلىقنىڭ ماددىي كېسىلى بولۇپ، ئىقتىساد - پۇل بىلەن ئويناشقان ئادەم ۋە ئۇنى بىھۇدە ئىسراپ قىلغان، بۇزغان ئادەم جان بىلەن ئويناشقان ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە بىر نەرسە ناھايىتى ئايانكى، ھەممە ئىشنى پۇل

بىلەنلا تۈگەتكىلى ۋە ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆز يولىدا بولغىنى تۈزۈك. ھەممىنى پۇل ھەل قىلىدۇ دەيدىغان قاراشنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىغاندا، ھەقىقەتنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

## كەيپىنىڭ ئاقىۋىتى ـ زەئىپلىشىش

ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى ئويۇن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە رەڭدار بولۇپ، ناھايىتى قەدىم زاماندىن تارتىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش رولىنى ئويناپ كەلگەن. ئەمما، بېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ خىل ياخشى ئىشلارنىڭ بەزىلىرى يامان ئىشقا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەۋج ئالغىنى قىمار بولۇۋاتىدۇ.

قىمار ئويناش، نەشە چېكىش، زەھەر ئېلىپ ـ سېتىش، ئوغرىلىق، زىناخورلۇق قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەخلاقسىز يات، چەكلەش زۆرۈر بولغان زىيانلىق قىلمىش بولۇپ، تەدبىر كۈچلۈك بولسىلا پۈتۈنلەي تۈگەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، قىمار ئەڭ چوڭ ئىنسىدۇر. قىمار ئويناش ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بەك يامان كۆرگەن ۋە قەدىمدىن تارتىپ چەكلىگەن. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىت تۈپەيلىدىن گاھىدا ئازىيىپ، گاھىدا ئەۋج ئېلىپ تۇرغان، بىردە مال ـ دۇنياغا ئىگە قىلسا، بىردە ئازاب ـ ئوقۇبەتكە، ۋىجدانغا يات ئىش ـ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ۋەھشىيلىك قاتارلىقلارغا غەرق قىلىپ، ئادەمنى ئادەمدەك ياشاش، ۋىجدانى بىلەن ياشاشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، سېتىش، ھاراقنى زىيادە كۆپ ئىچىش، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىشتەك كەيپ ـ ساپا يولغا سۆرەپ كىرىدۇ.

تارىختىن بۇيان كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ پايدا ئالغان بىرەر

پاكىتنى ھېچكىم ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ خىل قىلمىشنى مەيلى ھۆكۈمەت، مەيلى خەلق ئىزچىل چەكلەپ كەلدى. ئەمما، يېقىنقى زامانغا نەزەر سالساق، يېزىلاردا بۇ خىل ئىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك - تۈرلۈك ۋارىيانتلىرى بارلىققا كەلدى. «توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ» دېگەندەك، پارتىيەنىڭ ئىسلاھات، يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى دېھقانلارنى ئەركىنلىككە چىقاردى، باي بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، نۇرغۇن دېھقانلار تۈرلۈك شەكىلدىكى مەدەنىي، ئەنئەنىۋى پائالىيەتلىرىگە قىزىقىدىغان بولدى. لېكىن، ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ئايرىم ئەكس تەسىرلىرى تۇپەيلىدىن، بەزى ئويۇنلار قىمار تۈسىنى ئالدى. قىمارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ خىللىشىپ، ئۇنىڭ خوراز سوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، بىليارت، دامكا - شاھمات، قارت ئويناش قاتارلىق شەكىللىرى كۆرۈنۈشتە كۆڭۈل ئېچىش، ماھىيەتتە قىمار بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇلپەتداشلارنىڭ بولۇشىغا يەپ - ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش سورۇنىنىڭ كۆركىسى سۈپىتىدە ئەۋج ئالدى. بۇنى ھەتتا بەزى نامراتلارمۇ، بەزى قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارمۇ يۇقتۇرۇۋالدى. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا ماشىنا، تىراكتور سېتىۋالغان بىر ئائىلە ئالدىنقى يىللا نامرات دېھقانغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۇلار مەن بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا باي بولۇش ئۈلگىسى دەپ تەجرىبىسىنى گېزىتتە تەشۋىق قىلغان ئائىلە ئىدى. نامراتلىشىپ كېتىش سەۋەبىنى ئۇزىدىن سورۇشتە قىلغىنىمدا، ئۇ: ئاتا - ئانام، بىر بالام ئۆلۈپ كەتتى، كېسەل باقتىم، قاتناش ھادىسىسى يۈز بەردى، دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسەتتى. باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرسەم، ئۇ ھاراق ۋە قىمارغا، زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن زىناخورلۇققا بېرىلىپ كېتىپ، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ، ئەسلىدىكى نامرات ھالىتىگە كېلىپ قالغان؛ بىر بالىسىمۇ دادىسىنى دوراپ، زەھەر چېكىشنى

ئۆگىنىپ قىلىپ، نۇرغۇن زىيان سالغان.

مەن بۇلارنى ئاڭلاپ مىڭ تۇۋا دېدىم، ئەينى چاغدا بۇنداق بولارنى بىلمەي تەشۋىق قىلىپ كېيىنكى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئوبرازىنى بۇلغىغىنىمغا قاتتىق ئۆكۈندۈم. ئەمما، بۇ تۇرمۇش، ھەر ئىككىسىگە توغرا قاراش زۆرۈر. بۇنداق تەكرارلىق، تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلدى، ۋاھالەنكى، ئادەملەر نادانلىقىدىن بۇنى يەكۈنلىمىدى، ساۋاق ئالمىدى.

## ئەجدىھا ئاغزىدىكى ئازغان

يېزىلارغا مۇخبىرلىققا بارسىڭىز، سىزگە دەمال ئۇچرايدىغان ھادىسە ـ ئوت كېتىش ھادىسىسى ۋە كىچىك بالىلارنىڭ سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىش ۋەقەسى بولىدۇ. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، مەن بۇنداق ئىشلارنى كۆپ قېتىم ئۇچراتتىم، ھەر قايسى گېزىتلەردىمۇ مۇشۇنداق خەۋەرلەر ئىبلان قىلىنىپ تۇردى. شەھەرلەردە بولسا بۇ خىل ھادىسىلەرنى كەمدىن ـ كەم ئۇچرىتىمىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ توغرىدىن ـ توغرىلا بايان قىلساق، يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ بىپەرۋالىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشىدىن مۇشۇ خىل ھادىسە يۈز بېرىدۇ. شەھەرلەردە بولسا، بۇنى تاسادىپىيلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قايسى بىر يىلى كونا شەھەر ناھىيەسىگە مۇخبىرلىققا چىقسام، ج خ ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بىر تونۇشۇم تاشمىلىق يېزىسىدا بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپ، 26 مىڭ يۈەنلىك مال ـ مۈلكىنىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئىگىلىشىچە، ھېلىقى دېھقان بىر ئۆيگە ئۆزى ئېلېكتىر سىمى تارتقان، كۆتۈلمىگەن يەردىن شۇ سىمنىڭ كېچىدە بىر يېرى ماس بولۇپ قېلىپ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيگە ئوت كېتىپ ئېغىر زىيان پەيدا قىلغان. يەنە بىر دېھقانمۇ باشقىلارنىڭ ئۆگزىسىدىن ئېلېكتىر سىمى

تارتقان، ئەمما بىخەتەرلىككە دىققەت قىلمىغان. سىم تارتىلغان ئائىلىنىڭ قىزى يۇغان كىيىملىرىنى توك سىمىغا ئارتقان، سىمنىڭ يالىڭاچ قىسمىدىن ھۆل كىيىمگە ئۆتۈپ كەتكەن توك ئېقىمى قىزنى جېنىدىن جۇدا قىلغان. دەردى - بالاغا توك سىمى تارتقان دېھقان قالغان. شۇ يېزىدا يەنە بىر دېھقان ئايال تاماق ئېتىش ئۈچۈن ياغنى قازانغا قۇيۇپ قويۇپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قوشنىسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالغان، ياغ زىيادە قىزىپ ئوت ئېلىپ كەتكەن، ھېلىقى ئايال قورقۇپ كېتىپ قازاننىڭ تۈۋۈقىنى ياپقان، كۈتۈلمىگەندە ياغ پارتلاپ، ئايالنى كۆيدۈرۈپلا قالماي، چەللە - باراڭغا ئوت كېتىپ، 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا زىيان بولغان، يەنە بىر كىشى قىش مەزگىلىدە ئۆيىگە ئوت قالاپ، ئىككى بالىسىنى ئۆيىگە سولاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن، بالىلاردىن بىرسى ئۇخلاپ قالغاندا، يەنە بىرسى ئوت ئويناپ ئۆيگە ئوت كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قوشنىلار ۋاقتىدا سېزىپ قېلىپ، بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، بىر ئائىلىنىڭ پۈتۈن بىساتى كۆيۈپ كەتكەن؛ بىر دېھقان ئىككى بالىسىنى بەزلەش ئۈچۈن، سۇغا چۈشۈپ ئويناپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، سۇ بويىغا يولغا سېلىپ قويغان، ئۆزى تويغا كېتىپ قالغان. بالىلار سۇدا ئويناش جەريانىدا لايغا پېتىپ قىلىپ تۇنجۇقۇپ قالغان؛ «بالا قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىخەستەلىكتىن كېلىپ چىققان ھادىسىلەردۇر. نۇرغۇن دېھقانلار ئېھتىيات قىلسا ساقلانغىلى بولىدىغان ئىشلارغا بىپەرۋا قارايدۇ. شۇڭا، ئۇنداقلار ئوت، سۇ، توك قاتارلىق ئەجدىھالارنىڭ زىيىنىغا بىھۇدە ئۇچرىماقتا، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مال - مۈلۈك ۋەيران بولۇپ، دېھقانلارنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

يىغىنچاقلىغاندا، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئامىللار

دېھقانلارنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىنى، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىنى، ھاللىنالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىكى ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزىلەر ھەقىقەتەن ھورۇن، قاششاق، نادان، بىلىمسىز، بۇمۇ نامراتلىقنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈۋاتىدۇ. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ خاراكتېرى تولىمۇ كەسكىن، روشەن بولغاچقا، بەزىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ، نېمىلا دېمەيلى، ئاشۇ بىر قاتار ئىشلارنىڭ يامان تەسىرى نامرات دېھقانلارنى ھەر قانچە يۆلىسىمۇ، مادارىغا كېلەلمەيدىغان قىلىپ قويىدى؛ بىراق، ھەرقانداق ئىش شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلكىدە، ئۆزىنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا بولغان بولىدۇ. ھەر قانداق ئىش ئالدى بىلەن شۇ ئادەمنىڭ ئىچكى تۈيغۇسىغا باغلىق بولىدۇ، سىرتقى تەسىرى پەقەت جانلاندۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشى، ئۆزىنى ئۆزى كۈچەيتىشى، ئۆزىنى ئۆزى تاكامۇللاشتۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق ھايات شامىنى نۇرلاندۇرۇشى كېرەك. بۇ خىل روھنى ھەربىر ئادەم ئۆزىلا يارىتالايدۇ ۋە ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئادەمدەك ياشاش ئاساسىنى يارىتالايدۇ. نامراتلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يەنە ھە دېگەندە پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ يۆلىشىگە تايىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسى ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس، ئۆزئارا ياردەمنى مەنبە قىلغان ھەمكارلىقنى بەرپا قىلىشى كېرەك.

# پۇلغا قارىغان كۆزىڭىز نۇرلۇقمۇ؟

## تىجارەتچى نەزىرىدىكى ئەدىب

مەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان بۇ ئادەم مېنىڭ نەزىرىمدە يېرىم زىيالىي، يېرىم تىجارەتچى ئىدى. ئۇنىڭ تولىمۇ كىتابخۇمار ئىكەنلىكى، ئايرىم مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئۆتكۈر، ئورۇنلۇق گەپ - سۆزلىرى بۇنى ئىسپاتلايتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر تىجارەتچى ئاغىنەم ئۆيۈشتۈرغان زىياپەت سورۇنىدا تونۇشۇپ قالغانىدىم.

ئۇ، شۇ سورۇندا خېلى ئىچكەن بولسا كېرەك، شىر كەيپ كۆرۈنەتتى. ئۇ، سورۇننىڭ بىر چېتىدىن سۈرۈلۈپ يېنىمغا كەلدى - دە، ھېچقانداق قورۇنمايلا سۆزلەپ كەتتى:

— سىز مۇخبىر ھەم يازغۇچى ئىكەنسىز، ساھىبخان شۇنداق تونۇشتۇردى. مەن بولسام ئاددىي بىر ئىنسان، يازغۇچى، مۇخبىرمۇ ئەمەس. ئەمما، يازغۇچى، شائىر، مۇخبىرلارنى چىن كۆڭلۈمدىن ھۆرمەت قىلىمەن، ئۇلاردىن سۆيۈنىمەن. نېمىشقا دەمسىز؟ ئۇلار بولمىسا، مۇشۇنداق سورۇندا ئولتۇرغان، پۇلدىن ۋە يېيىش - ئىچىشتىن باشقىنى چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغان ئادەملەرنىڭ (سىز بۇنىڭ سىرتىدا) مەدەنىيىتى نەدىن كېلىدۇ؟ ئۇلار مەدەنىيەتنى نەدىن تاپىدۇ؟ ئۇلارغۇ مەيلى، مەن مەدەنىيەتنى قانداق قوبۇل قىلىمەن، ئاق - سەۋىيەمنى قانداق مۇستەھكەملەيمەن؟ ئۇلار خىلمۇخىل ماقالە، ئەسەرلەرنى يېزىپ تۇرمىسا، بىز جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپ تەرەپلىرىنى قانداق پەرق ئېتىمىز؟ تېخىمۇ مۇھىمى، نېمىدىن زوق ئالىمىز، پۇلدىنمۇ، چىرايلىق قىز- چوكانلاردىنمۇ، تاغ - دالا، باغ، سەھرادىنمۇ؟

مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭمۇ زوق - مەززىسى تۈگەيدۇ. ئۇنداقتا، ئادەمگە مەڭگۈلۈك زوق بېغىشلايدىغان نەرسە زادى نېمە؟ بىز ئۇ نەرسىنىڭ كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك! قاراڭ، يازغۇچىلىرىمىز ئەسەر يېزىپ تونۇشتۇرمىسا، بىز ئۆزىمىزنى بىلەلەمتۇق. ئۆزىمىزنى نامايان قىلالامتۇق؟! يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىيدەك سەلتەنەت ئىگىلىرىنى بىز نەدىن بىلەتتۇق، ئۇلار يازغان بۈيۈك كىتابلارنى نەدىن تاپاتتۇق؟ ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق سەنئەت مىراسى 12 مۇقامنى رەتلەش، بېيىتىش ۋە كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈشتە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان ئامانىساخاننى نەدىن بىلىمىز، ئۇلار بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۈيۈك ناخشىلارنى، تېكىستلەرنى، ھەتتاكى ئاجايىپ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى نەدىن تاپىمىز؟... ئەسلىدە مەن بۇلارنى سىزگە ئەمەس، سىز ماڭا دەپ بەرسىڭىز ئوڭ ئىش بولاتتى... مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىم بەك تۆۋەن، گاھىدا نېمىشقىمۇ يازغۇچى بولۇپ قالمىغان بولغىيتتىم دەپ ھەسرەتلىنىپ قالىمەن. يازغۇچى دېگەن يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى ۋە كىتابلىرى بىلەن ئەبەدىي ئۆلمەيدۇ. تىجارەت يولى بىر پاتقاق، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادەمنى گاھىدا بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ، گاھىدا رەزىللىك، بەختسىزلىككە ئىتتىرىدۇ. مەن بۇلارنى يازغۇچىلارنىڭ كۆزى بىلەن دېمىدىم. چۈنكى، بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پۇل، تىجارەت دېگەنلەرنى ئانچە چوڭقۇر بىلىپ كەتمەيدۇ. بىلگەن تەقدىردىمۇ يۈزەكى ھالدىلا قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە (ئەگەر يازغىنى راست بولسا) پۇل دېگەن ئەڭ رەزىل نەرسە ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ پۇلنىڭ نېمىلىكىنى، ئەڭ مۇھىمى ماھىيىتىنى بىلمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى!... سىزنىڭمۇ بەلكىم پۇل، تىجارەت ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىز ئانچە چوڭقۇر بولمىسا كېرەك، جاۋاب بېرىپ بېقىڭا قېنى، ھاياتلىقتا پۇل بولمىسا بولامدۇ؟ مېنىڭچە ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇنىڭسىز ھاياتىڭىزنىڭ

مەنىلىك ئۆتۈشى ناتايىن. يازغۇچىلار، شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەپ كېلىۋاتقاندەك، پۇلنىڭ ھەممىلا تەرىپىنى قاراڭغۇ قىلىپ كۆرسىتىش ئاقىلانىلىك ئەمەس! ئۇنىڭ يامان تەرىپىدىن ياخشى تەرىپى كۆپ، كونىلاردا «پۇلى يوقنىڭ جېنى يوق» دەيدىغان ماقال بار. بۇگۈنكى كۈندە بۇ، تىجارەتچىلەرنىڭمۇ ئاساسلىق دەستۇرى، ئۇلارنىڭ ئەقىدە قىلىدىغىنىمۇ ماھىيەتتە پۇل. بۇ ئەقىدە بىكارچىلا تىكلەنگەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ئەپسۇسكى، سىلەردەك يازغۇچىلارنىڭ نەزىرىدىكى پۇل چۈشەنچىسى، ئەقىدە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى نەزەرىيەدىن كەلگەن، شۇڭا پۇلغا سۇس قارايسىلەر، پۇلنى رېئاللىقتىن تۆۋەن ئورۇنغا قويىسىلەر. قارىشىڭلارنىڭ شۇ قەدەر بىمەنە ئىكەنلىكىگە قارىماي، يەنە شۇ نەزەرىيەدە، ئەقىدىدە چىڭ تۇرىسىلەر. تىجارەتچىلەرنىڭ نەزىرىدە پۇل ئەمەلىيەتتە ئەجىرنىڭ مېۋىسى! بۇنداق دېسەم، پۇلنى جېنىدىن ئەلا بىلىدىكەن دەپ قالماڭ. دەرۋەقە، پۇل دېگەنغۇ قەغەز ياكى بىر پارچە مېتال. پو ئاتساق، پۇل ئوغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى. لاپ ئەمەسلىكى ئۇنى تاپقىلى بولىدۇ، پۇل تېپىشتىن مەقسەت پايدىلىنىش، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ئىكەنسەن، خالىغانچە بۇزۇپ - چاچىسەن، مەئىشەت قىلىسەن ياكى يولىدا پايدىلىنىسەن. مانا بۇ پۇلنىڭ رولى.

ئويلاپ بېقىڭ، پۇل بولمىسا ئادەمنى نامراتلىق باسىدۇ، ئادەمگە نامراتلىق ھۆكۈمران بولغاندا نادانلىق باش كۆتۈرىدۇ. ئۇ چاغدا ئادەم نېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ چىرايلىق ئاتىساق، ئادىمىيلىكىنى يوقىتىدۇ. بىزنىڭ يازغۇچى، مۇخبىرلىرىمىز بۇنى بىلمەمدىغاندۇ، چۈشەنمەمدىغاندۇ؟! ئۇلار ئىچىدە ئايرىملارنىڭ يازغانلىرىنى كۆرۈپ راستتىنلا ئەپسۇسلىنىمەن. ئۇلار دەۋرىمىزنىڭ بىلىمدارلىرى، مەدەنىيەت سەركەردىلىرى تۇرۇپ، مۇشۇنداق يازسا بولامدىغاندۇ دەيمەن، گاھىدا بۇنىڭدىمۇ بىرەر مۇددىئا، مەقسەت باردۇر دەپ ئويلاپ قالىمەن.

ئىلگىرى قولۇمدىن كىتاب چۈشمەيتتى، كىتاب - ژۇرنال، گېزىتلەرنى ئوقۇپ تۇرمىسام بىر نېمەم كەمدەك سېزەتتىم. ھازىر تاللاپ ئوقۇيدىغان، نۇرغۇن كىتاب - ژۇرناللارنى قولۇمغا ئالغۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. سەۋەبى: يازغۇچى، ئەدىبلىرىمىزنىڭ «ئاتام ئېيتقان بايىقى» دىن چىقالمىغانلىقى بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ يازغىنى ساپلا نامراتلىقنى چىللايدىغان نەرسىلەر بولۇپ، شۇ خىل رامكىدىن زادىلا چىقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بۇ ھال مېنى يازغۇچى، مۇخبىرلىرىمىزنىڭ قەلبىدە شۇلاردىن باشقا نەرسە يوقمىدۇ، دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنداق «ئەسەر»لەرنى تەكرار ئوقۇغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ بۇنداق دېگىنىم كىتاب ئوقۇشتىن ۋاز كەچكىنىم ئەمەس، كىتابسىز، پەن - مەدەنىيەتسىز تۇرمۇش، مېنىڭچە تۇزسىز تاماققا ئوخشايدۇ، مېنىڭ پەقەت يازغۇچى، شائىر، مۇخبىرلار يازغان ۋە يېزىۋاتقان كونا نەرسىلەر («ئاتام ئېيتقان بايىقى»لار) دىن رايىم يېنىپ قالدى. مەنلا ئەمەس، ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر كالېندارلىق ئەسەر يازىدىغان يازغۇچى، شائىرلاردىن بىزار بولدى. سەۋەبى: ئۇلار كالېندارلىق «ئەسەر»، خەۋەرلەرنى يېزىۋەردى، بۇ خۇددى تەمى قالمىغان چاي شامىسىنى چايناۋەرگەندەك بىر ئىش! قىزىق يېرى، بىزدە ھازىر شۇنچە كۆپ شائىر بار، شۇنچە كۆپ يازغۇچى بار، ئەپسۇسكى، ئۇلار بېسىپ چىقارغان كىتابلىرىنى ئۆزئارا سېتىۋالمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىردىن كىتاب ئالسا، نەشرىياتلارنىڭ كىتاب ئاپتورلىرى ئۈستىگە يۈكلەپ قويغان مۇشتەرى توپلاش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەرمەسمىدى؟! ئەجەب ئىش، ئۇلار يازغۇچى، شائىر تۇرۇپ، بىر پارچە كىتابمۇ ئالمىسا، يازغۇچى، شائىرمەن دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويسا يارشامدۇ؟ لېكىن، دەل ئاشۇنداق كىشىلەر ھە دېسە كىتابىمنى ئالمىدى دەپ، ئالدى بىلەن ئۆزىدىن ئەمەس، بالدۇرلا باشقىلاردىن رەنجىيدۇ. مەن يازغۇچى، شائىر تۇرۇپ، سېتىۋالمىغان كىتابلارنى باشقىلار سېتىۋالامدۇ، باشقىلاردىن

رەنجىشكە نېمە ھەددىم، دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئۆزى يارىتىشى، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك ئىدى.

گاھىدا مەن يازسا بولىدىغان نى - نى ئىشلارنى ئۇچرىتىپ قالىمەن. يازغۇچى، شائىر، مۇخبىرلار مۇشۇنداق ئىشلارنى يازسا بولماسمۇ دەپ ئويلايمەن. مۇبادا مەن ئۇچراتقان ئىشلارنىڭ ئۆزىنىلا يازسىمۇ، سەلبىي تەرىپى كىشىلەرگە ئىبرەت، ئىجابىي تەرىپى ئۈلگە بولماسمىدى؟ لېكىن، ئۇلارنىڭ يازغىنى نېمىشقا ئاددىي ۋەقەلىكلەر؟ مەن ئۇچراتقان ئىشلارنى ئۇلار كۆرمەمدىغاندۇ؟ مىسال ئۈچۈن ئالساق، ھازىر تىجارەتچىلەرنىڭ ئىچىدە «قويمىچى» دېگەن بىر ئاتالغۇ پەيدا بولدى. بۇ غەيرىي قىلىق، ھەتتا شەخستىن شىركەتكە، شىركەتتىن ئۆتۈپ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغىمۇ خىرىس قىلىۋاتىدۇ. قارىغاندا، سىلەر، «قويمىچى» دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىكەنسىلەر. بۇ، كىشىلەردىكى ئىقتىسادىي ئالدامچىلىقنىڭ ئۇچىغا چىققان بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، مەلۇم شەخس ياكى ئىقتىسادىي تەشكىلاتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى! چۈنكى، ئۇ ئىقتىسادنى ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. نۇرغۇن ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە ۋە زاۋۇت، شىركەت، روناق تاپقان تىجارەتچىلەر، سودىگەرلەرنىڭ پاجىئەلىك كەچۈرمىشى بۇنىڭ جانلىق مىسالى. ھۆكۈمەت تارماقلىرى، قانۇن ئورگانلىرى كەسكىن تەدبىر قوللانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇسۇلى، شەكلى كۆپ خىل بولغانلىقتىن، ئۇلارنى كەسكىن چەكلەش قىيىن بولۇۋاتىدۇ. كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ تۇردى. ئۆزىمىز سەگەك بولماي، «قويمىچى» قويۇۋەتسە، ھۆكۈمەتتىن رەنجىشكە ھەققىمىز بارمۇ؟ «نەپ» ھەققىدىكى شېرىن - شېكەر گەپلەرگە ئالدىنىپ «قويمىچى»نىڭ دەردىنى تارتقان تىجارەتچىلەر شۇنداق كۆپ. لېكىن، يازغۇچى، شائىر، مۇخبىرلىرىمىزنىڭ «قويمىچى»لاردىن ئاگاھ بولۇش توغرىسىدا يازغان جانلىق، تەسىرلىك ماقالىسىدىن بىرەرسىنى كۆرگىنىم يوق. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش

توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، تازا تەسىرلىك ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرسا بولاتتى. مەنغۇ يازالمايمەن، تىجارەتچىلەر ئىچىدە يېزىپ بېقىپ قاملاشتۇرالمىغانلارمۇ خېلى بار. ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

دەرۋەقە، يازغۇچىلارنىڭمۇ ئويلىغىنى، يېزىقچىلىقتا تۇتقان يولى بار، ئۇلار مەن دېگەن ئەھۋاللارنى ئۆزى كۆرگەن، بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولغان بولسا، ھەل قىلىش، يېزىش يولىنى تاپاتتى، مېنىڭچە، «قويمىچى»نى يازىدىغان يازغۇچى، مۇخبىر چوقۇم ئىقتىسادقا كۆزقارىشى توغرىلانغان، سودا ـ تىجارەتنى بىلىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. ئۇنداق يازغۇچى، مۇخبىرنى مەن تېخى ئۇچراتمىدىم، گەپ مانا مۇشۇ يەردە. بىزنىڭ يازغۇچى، مۇخبىرلىرىمىزنىڭ پۇل بىلەن راستتىنلا خۇشى يوقمىدۇ ياكى ئۆزىدە بولمىغاچقا، ھەسەت كۇچىدىن شۇنداق تىللامدىغاندۇ؟ ئېيتىڭە، بۇ ساپ دىللىقنىڭ ئىپادىسىمۇ ياكى پۇلنى شۇنداق تەسۋىرلەشكە كۆنۈپ قالغانلىقنىڭ ئىپادىسىمۇ؟ پۇلسىز ياشىسا، ئەخلاقى گۈزەل ئالىيجاناب كىشى ھېسابلىنامدۇ؟ پۇلنى تىللاپ يېزىپ، تۇرمۇشتا نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ بەلكى، سىزمۇ پۇل توغرۇلۇق ئاشۇلاردەك يازىدىغانسىز، ئادەتتە تىللىماي، ئەھۋال قانداق بولسا شۇنى ئەينەن يېزىپ قويسىمۇ بولىدىغۇ؟ تاللاش ھوقۇقى كىشىلەردە بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي: سىز پۇلى بار مۇخبىرلاردىنمۇ ياكى ھېلىقىدەك روھىي غالىبىيەتچىلىكنى «بايلىقىم» دەپ قارايدىغان «خىيالپەرەس» ئادەملەردىنمۇ؟ بۇنى ئېنىق ئۇقمىساممۇ، پەمىمچە قەدىر ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مۇخبىرلاردەك كۆرۈنىسىز. سىزنىڭچە، ھاياتتا، تۇرمۇشتا ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ ئەھۋالىنى كۇپايە قىلىمدۇ دەپ ئويلامسىز ياكى ياخشىلاش تەرەپدارى بولامسىز؟ مېنىڭچە، «شۈكرى»چىلىك قۇرۇسۇن، ئادەم ـ ئادەملىك سالاپىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، گۈزەل ھاياتقا، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشى كېرەك.

ئادەم تولا ھاللاردا قەدىر ئەھۋال تۇرمۇشقا ئېرىشكەندە، يەنە ئۆرلەشكە ئىنتىلمەس بولۇپ قالىدۇ. قەدىر ئەھۋال تۇرمۇش ئادەمنى پەقەت ئايرىم تەرەپلەردىن قانائەتلەندۈرىدۇ، خالاس. زۆرۈر تېپىلغاندا بۇنداق تۇرمۇش ئادەمگە چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلالمايدۇ. مەيلى سىز بولۇڭ، مەيلى باشقىلار بولسۇن، قەدىر ئەھۋال تۇرمۇشقا ئېرىشكەندە «شۈكرى» دىن يىراق بولۇپ، يەنە ئالغا ئىنتىلىشى، تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش شارائىتى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك. بۇنى كەڭ مەنىلەشتۇرسەك، شارائىت يار بەرسە ئۆزىمىزدىن ئېشىپ، باشقىلارغا، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ياخشى تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.

ھېلى سىزگە دەپ ئۆتتۇم، يازغۇچىلارنىڭ نامراتلىقنى چىللايدىغان، پۇلنى تىللايدىغان ئەسەرلىرى مېنى بىزار قىلىدۇ. بۇ دېگەن ئېلېكترون دەۋرى ـ دە! يەنە رىئاللىققا، پاكىتقا كۆز يۇمساق، ئاقىۋەتتە ئۆزىمىز مەغلۇپ بولىمىز. ئاشۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇساق ئادەمنىڭ يۈرىكى مۇجۇلمامدۇ؟ بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز نېمىشقا ئىقتىسادىي ساھەلەرگە يۈزلەنمەيدۇ؟ بۇ ھەرگىز ئۇلارمۇ تىجارەت قىلسۇن، پۇل تاپسۇن دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئىقتىساد، پۇل توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان ئاشۇ يىللاردىغۇ نامراتلىقنى مەدھىيەلەپ يازسۇن، بۇنىڭغا ماقۇل دەيلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جان تومۇر دېيىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ نېمىشقا ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا پۇلدىن يىرگىنىدۇ؟ ئەجەبا، بىزنىڭ شامالغا، سىياسەتكە بېقىپ ئىش قىلىشقا ئۇستا ئەدىبلىرىمىز مانا ئەمدى بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچالماس بولۇپ كەتتىمۇ؟ كالپىندارلىق شېئىرلار بولسىمۇ مەيلى ئىدىغۇ! ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان شۇنچە يىللاردىن بۇيان، بۇ ھەقتە ئەسەر يازمىغانلار بەلكىم ئىلگىرى تىللىغان ئىقتىسادنى ئەمدى ماختىسام ئۆزۈمنى يەرگە ئۇرغان بولىمەن دەپ ئويلىسا كېرەك. ياق، نەدىكىنى! بۇنداق ئىشقا

كەلگەندە، بەزى يازغۇچى، شائىرلىرىمىز نومۇس دېگەننى ئۇنتۇپ كېتىدۇ...

ئۆتكەندە قايسىدۇر بىر يەرلىك گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىنى كۆرۈپ قالدىم، قارىسام «پۇل» ماۋزۇلۇق بىر غەزەل تۇرۇپتۇ، ئوقۇسام ئۇنىڭدا: «سېنى بالاغا سالغانمۇ پۇل، جاپاغا سالغانمۇ پۇل، ھەي، نىجىس پۇل» دەپ غاجاپتۇ. قاتتىق كۈلۈپ كەتتىم، دېمەك، يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ، تەھرىرلىرىمىزنىڭ ئىدىيەسى تېخى ئازاد بولماپتۇ. جەمئىيەتنىڭ بىلىمدارلىرى قوبۇل قىلالمىغان ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى باشقىلار قانچىلىك بىلەر؟ ھۆكۈمەت تەكىتلەپ «ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ» دېدى. مەن بۇ گەپنى بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزغا تەتبىقلاپ ئۇنىڭ بىكارچىلا ئېيتىلمىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم. مانا بۇ دەل مەسىلىنىڭ تۈگۈنى. ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، نامراتلىقنى چۆرۈپ تاشلايمىز دەۋاتقانغا بىرقانچە يىل بولدى. يازغۇچى، شائىرلىرىمىز بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، يېزىقچىلىق نىشانىنى ئىقتىسادىي ساھەلەرگە يۈزلەندۈرسە جايىدا ئىش قىلغان بولاتتى. نېمىشقا دېسىڭىز، كىشىلەر بۇ توغرىدا قايىل قىلارلىق چۈشەنچىگە موھتاج، يازغۇچىلار كىشىلەردە باي بولۇشنىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ، ئىلھام بەرسە، نامراتلىق چىرماپ كەتكەن ئاڭ قاتلىمىدا ئۆزگىرىش بولماسمىدى؟ باشقا مىللەتلەرنىڭ يازغۇچىلىرى پۇل توغرىسىدا يازغىلى تۇرغىلى خېلى يىللار بولدى. پۇلنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەسەر يازسىمۇ ھېسسىياتنى، مۇھەببەت ـ نەپرەتنى، ھەتتا نازۇك نەرسىلەرنىمۇ جانلىق، تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدىكەنغۇ؟ بۇنى سېلىشتۇرسام شارائىت كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئۆزۈمگە ھاي بېرىمەن. بەلكىم نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىز گاڭگىراپ يۈرۈۋاتقاندۇ ياكى ئۇلارنىڭ تەربىيەلىنىشى ياخشى ئەمەس، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يوق، بۇ بىر تەرىپى؛ يەنە بىر تەرىپى، يازغۇچى، شائىرلىرىمىز بەك سەزگۈر بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

چۈنكى، ئىلگىرى زور بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك ئەدىبلىرىمىز ۋەزىيەتكە بالدۇر ماسلىشىپ، ئالدىن قول سېلىپ ئەسەر يازغان. بىراق، ۋەزىيەتنىڭ كېيىنكى ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي، ئۇلار يازغان ئەسەرلىرى تۈپەيلى مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قالغان، ئازابقا دۇچار بولغان، بۇنداق ساۋاق كىشىلەرنى ھامان ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىرقى ئەدىبلەردە ئەينى زاماندىكى ئەدىبلەردىكىدەك جاسارەت، يۈرەك يوق، ئەدىبكە خاس مەردانىلىك كەمچىل. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نامرات، نامراتلىق ئۇلارغا ئەنئەنە بولۇپ كەتكەن، ئۇلار بۇ خىل نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا جۈرئەت قىلمىغىنى بەكمۇ ئەجەبلىنەرلىك!

— بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، بەلكىم بەك غەلىتە ئادەمكەنغۇ بۇ؟! دەپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، — دېدى ئۇ ئاخىردا، — تۈزلىكىمدىن بولسا كېرەك، كۆڭلۈمدىكىنى دېيىشكە كۆنۈپ قالغانمەن.

— ياق - ياق! نەدىكىنى! سىزگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، گەپلىرىڭىز مېنى راستتىنلا ھاياجانغا سالدى. ماڭا بىر ياخشى دەرس، چوڭقۇر بىلىم بەردىڭىز، — دېدىم مەن رازىمەنلىكىمنى ئاشكارىلاپ.

راست، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقانغا شۇنچە يىللار بولدى. بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئىقتىساد توغرىسىدا قانچىلىك ئەسەر يازدى؟ ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق قانچىلىك ئادەمنى يېتەكلىيەلىدى؟ قارىساق، نۇرغۇن ياخشى، نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ساھە ھەققىدە يېزىلغانلىرى يوق دېيەرلىك. مەن ئۆزۈمگە بۇ سوئاللارنى قويۇپ ئويلىنىپ قالدىم. نۇرغۇن نەرسىلەر خىيالىمدىن كەچتى. بايىقى گەپلەر چېچىلاڭغۇدەك تۇيۇلسىمۇ، تەھلىل يۈرگۈزگەندە ۋەزنى بار ئىدى. ئويلىسام ئىسلاھات يولغا

قويۇلغاندىن بۇيان، ئىجادىيەت سېپىگە بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك ياش يازغۇچى، شائىرلار قوشۇلۇپ، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، ئىقتىسادىي ساھە قانائەتلىنەرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېسىل يىرىك ئەسەر تېخى مەيدانغا كەلمەپتۇ، دېمەك، ئەدەبىياتىمىز دەۋر تەرەققىياتىنىڭ بۇ تۈردە خېلىلا ئارقىدا ئىكەن!

## ئەدىبلىرىمىزنىڭ پۇلى يوق

ئاردىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، يەنە بىرسى ئۆيىگە چاقىردى، مېھمانلار قاتارىدا ھېلىقى كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماڭا يېقىنلىشىپ، يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— مېنى ئەجەب كاسكا ئادەمكەن دەپ قالماڭ، ئاغزىم «پەرىشان» راق، بىر ئېچىلىپ كەتسە كۆڭلۈمدە بارىنى دەۋېرىمەن. بىر ھېسابتا بۇنداق مىجەزىمىزنىڭ كىشىگە زىيىنى يوق. ئويلاپ بېقىڭ، بىلگىنىمنى مەنمۇ دېمىسەم، باشقىلارمۇ دېمىسە، نۇرغۇن گەپلەرنى ئۇقالماي قېلىشىمىز تۇرغان گەپ. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇ ئىشلارنى باشقىلارمۇ بىلمەي جاھاندىن گالۋاڭ، نادان، ئەخمەق، بىچارە پېتىچە ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، بىز خەق تېخىمۇ شۇنداق. كۆپىنچە ھاللاردا بىلگەن، ھېس قىلغانلىرىمىزنى سۆزلەپ قويماي ئىچىمىزگە بېسىپ يۇرۇۋېرىشكە ئادەتلىنىپ قالغان. مېنىڭچە، «ۋالاقتەگكۈر»لۇكنىڭ پايدىسى بولغاندا، قالتىس ئالقىشقا ئېرىشىدىغان گەپ. بىز خەقنىڭ ئاجايىپ بىر دۆتلىكىمىز بار: بىزدىكى رىتىمسىزلىق، پەم - پاراسەتسىزلىك ئاساسەن بىلگەننى دېمەسلىك، بىلمىگەننى بىلىشكە تىرىشماسلىقتەك قاشاقلىقىمىزدىن كەلگەن. شۇڭا، بىلگەننى سۆزلەيدىغان مەندەك «مەدداھ»لارنىڭ كۆپرەك بولغىنى ياخشى. «موللا بىلگەننى ئوقۇيدۇ، قاغا كۆرگەننى چوقۇيدۇ» دېگەندەك،

مەن تىجارەت توغرىسىدىكى كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇغاچقا ھەم تىجارەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىرقەدەر بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، بۇ ھەقتە سۆزلەشكە بىر قەدەر ئۇستا. بۇ مېنىڭ ئۆزۈم توغرىسىدىكى قارىشىم. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن، كىشىلەرنىڭ باھا بەرگىنى تۈزۈك. مەن ئەسلىي «مەدداھ» ئەمەس. بىزنىڭ ئىنتايىن ئىلمىي، ئاجايىپ بىلىملىك «مەدداھ»لىرىمىز بار. ئۇلار باشقا بىرسى ئەمەس، دەل سىزگە ئوخشاش زىيالىيلار؛ يازغۇچىلار، شائىر، مۇخبىرلاردۇر. سىلەر جەمئىيەتنىڭ جارچى - جاكارچىلىرى؛ بىزدەكلەرنىڭ تاقىقا - تۇقىقا سۆزلىرى خۇددى يەل - ھاۋادەك بىر پەستىنلا يوقىلىدۇ ياكى شۇ بىر جايدىلا قالىدۇ. ئەمما، سىلەر ئويلىغانلىرىڭلارنى مەڭگۈلۈك قىلىپ يازىسىلەر، كىتاب، خاتىرىلەرگە تىزىسىلەر، تەرەپ - تەرەپكە تارقىتالايسىلەر، مىڭلاپ كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن قىلالايسىلەر، بۇ بەكمۇ كاتتا ئىش. ھاياتلىق دۇنياسى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئىجادىي ئىزىڭلار ئەبەدىي كۆمۈلمەيدۇ.

لېكىن، مەن بايا ئېيتتىم، بۈگۈنكى كۈندە سىلەرنىڭ نەزىرىڭلار زادى نەدە؟ بۇنى بىلىش قىيىن. ئەسلىدە يازغۇچىلار تۇرمۇشتىن ئايرىلمىسا، سانسىز كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى يۇغۇرۇپ، تىپ يارىتالىسا، ئاندىن ئۇ كىشىلەرگە ياقىدۇ.

مەن كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم ئىدىم. مانا ھازىر بىزنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇمايدىغان بولدۇم. بۇنىڭ سەۋەبى: ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنىڭ كۆڭۈلگە ياقىدىغانلىرىنىڭ ئاز بولغانلىقى ۋە يازغانلىرىدا رېئاللىقتىن چەتنەشنىڭ ئېغىرلىقىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يازغان نۇرغۇن كىتابلاردا يېڭىلىق يوق بولۇپ، يەنە ئوقۇسا، يەنە شۇ. بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇغاندىن نېمە پايدا؟ شۇڭا، كىشىلەر كىتاب ئوقۇپ ئاۋارە بولماي، تېلېۋىزور كۆرىدىغان بولدى. بۇ ھال يازغۇچى - شائىرلارغا چوڭ رىقابەت ئېلىپ كەلدى...

شۇنداق قارىسام، شائىرلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى «ئۆلدۈم -

كۆپتۈم» بىلەن «كۆيدۈم - پىشتىم»نى يازىدۇ، پۇلنى «رەزىل» ئەمەس دەيدىغانلىرى يوق دېيەرلىك. شائىرلار پۇلنى تىللاپ يازغان شېئىرىنى ئېلان قىلىپ پۇل تاپىدىكەن. بۇ خۇددى تاماكىنى تاشلاش توغرىسىدا ماقالە يېزىپ، ئۇنىڭ قەلەم ھەققىگە تاماكا ئېلىپ چەككەنگە ئوخشاش ئىش! كىلاسسىك شائىرلارنىڭ پۇلنى تىللاپ ياكى ماختاپ يازغان شېئىرلىرىنى ئۆچۈرتىش بەكمۇ قىيىن. يازغۇچىلارنىڭ يازغانلىرىمۇ شائىرلارنىڭكىگە كۆپ جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، جاسارەتلىك ساقچى، ئادىل ئەمەلدار، ياخشى پەزىلەتلىك كىشى، نامراتلارغا مېھىر - شەپقەت قىلىش ۋەھاكازالارنى ئاساسلىق ماختاش ئوبيېكتى قىلىۋالغان؛ تىللايدىغانلىرى بولسا تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ قىسمەن چىرىكلىكى، ئائىلىۋى ماجىرالار، خۇشامەتچىلىك، ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدىكى ئەخلاقسىزلىق ۋە مەدەنىيەتسىزلىك قاتارلىقلار. قىزىق يېرى شۇكى، بەزىلەر تېخى نامرات، سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈشنى شەرەپ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشنى بولسا ئاينىغانلىق دەپ يازىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى نامراتلىق كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ھاياتنىڭ ساختا ماھىيىتى دېگەندىن ئىبارەت. بۇنداق قاراش ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرمەمدۇ؟ لېكىن، مەن ئۇنداقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىمەن. باي بولۇش، پاراۋان تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىش شەرەپلىك، نامراتلىق نومۇس دەيدىغان قاراش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ ئايرىم يازغۇچىلار ئۇنى شامالغا ئوخشاش ئۆتكۈنچى ھادىسە دەپ قاراپ، ھېلىقىدەك «ئەسەر»لەرنى يېزىشى. مېنىڭچە، بىز تېخى نامرات، يەنە بىر مەزگىل نامراتلىقتا چىدىماي بولمايدۇ دېگەننى ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلار دەۋاتقان بۇ خىل ئىستەك، روھىي غالىبىيەتچىلىك تۇيغۇسى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشقا مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. نامراتلىقنى رېئاللىق دەۋەرسەك، نامراتلىق ئۈستىدىكى باشقا

رىئاللىقنى كۆرمىسەك، جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز نىمىشقا مۇشۇنداق نۇقتىلارنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ماھىيەتنى باشقىلارغا ئېچىپ بېرەلمەيدۇ؟ يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلار: ئەدەبىي ئەسەر تۇرمۇشتىن بىر بالداق ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەيدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق نىمىشقا نامراتلىق رىئاللىقنى تۇرمۇشتىن ئۈستۈن قىلىشقا تىرىشىپ باقمايدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ نامرات تۇرۇقلۇق، باي مەن دەپ تۈۋلا دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى، نامراتلارنى باي بولالايسىلەر، دەپ ئىلھاملاندۇرۇپ، يول كۆرسىتىپ، يېتەكلەش كېرەك دېگەنلىك! ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلغۇمىز كەلمىسە بولمايدۇ. مەن ئەدىبلىرىمىز ئاساسەن نامرات دەپ قارايمەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمىنىڭ ھازىرقى قاتلىمى نامرات زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان. تېگىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ نامراتلىقى قەلەم قۇۋۋىتى جەھەتتىكى نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلار نامرات تۇرمۇشتىن بىزارمۇ - بىزار ئەمەسمۇ، بىر نېمە دېمەك تەس، مېنىڭچە، ئۇلار بۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان. ئۇلار قەلەم ھەققى ئارقىلىق پۇللۇق بولۇشنى ئويلاپ، تىرىشىپ، تىرمىشىپ باقسىمۇ، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق دېگەندەك، تايىنلىق قەلەم ھەققى بىلەن ئارزۇ - ئارمانى ئىشقا ئاشمايدۇ، باي بولۇش، پۇل تېپىش خىيالى پېتى قېلىۋېرىدۇ، ئەمەلىيەتتە پۇل تېپىش كۆڭلىدە پەيدا بولغان نەرسىلەرنى - ھېسسىيات، ئوي - پىكىر، تەسەۋۋۇرلارنى قەلەم بىلەن قەغەزگە يازسىلا بولىدىغاندەك ئۇنداق ئاددىي، ئاسان ئىش ئەمەس...

ھەقىقەتەن، قەلەم ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىشتىكى مۇھىم ۋاستە، ئۇلارغا بۇنىڭدەك ياخشى تاللاشمۇ يوق. ئۇلارنىڭ نامراتلىقىدا ۋە نامۇۋاپىق ئىشلارغا قارىتا قوزغالغان غەزىپى بىر خىل دولقۇنسىمان روھىي غالىبىيەتچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمما ئۇلار ئاشۇ خىل

ئىشلاردىن نەپرەتلىنىش تۇيغۇسى بىلەن قولىغا قەلەم ئالىدۇ - دە، يازغۇچى ياكى شائىر بولىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ غۇرۇرى - ۋىجدانى ئاجايىپ كۈچلۈك، روھىيىتى ئاجايىپ غەيۇر، مۇھەببەت - نەپرىتى سەلتەنەت بىلەن جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ نامرات تۇرمۇشى بىلەن ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، كۆپتۇرۇپ ئوبراز يارىتىدۇ. ئۇلار يازغان ئەسەرلەردىكى نامرات كىشى باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بىراۋغا قارىغاندا، روھىي دۇنيا جەھەتتە تولىمۇ ساپ قىلىپ يارىتىلىدۇ، شۇڭا ئۇ نامرات تۇرمۇشىغا مىڭ قەتىرە شۈكۈر قىلىدۇ ۋە بايلىققا ھېرىس بولماي، مەڭگۈ نامرات ياشاۋېرىشكە، زارلانماسلىققا ئىرادە باغلايدۇ. شۇڭا، نامراتلىق ئۇلارنىڭ ھاياتىنى زادىلا «نابۇت» قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىن ئالغان تەربىيەسىمۇ ئاجايىپ يۇكسەك؛ مانا بۇلار بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز يازغان ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. شۇنىڭغا يارىشا، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئالغان ئىدىيەۋى تەربىيەسى «مۇكەممەل» بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدا نامراتلىق بىلەن نام قازانغان دۇنياۋى يازغۇچىلارنىڭ نامراتلىق سەرگۈزەشتىسى يېزىلغان تەرجىمىھاللار بار. بۇنداق كىتابلار «نامراتلىق سوتسىيالىزم، نامراتلىق شەرەپ» دېيىلىدىغان زامانلاردا دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىن يىغىلىپ كېلىنگەن، كەڭ تەشۋىق قىلىنغان، ئاشۇ يازغۇچىلارنىڭ كەچۈرمىشى بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ قەلبىگە تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا باياشاتلىققا تولغان ماددىي تۇرمۇش ۋە پۇل ئەڭ رەزىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار روھىي جەھەتتە ئاشۇ كىتابلارنىڭ بۇ خىل ئىسكەنجىسىنى بۇزۇپ چىقالمىغان، بۇ ئەھۋالدا ئۇلار يەنە قانداق ياخشى ئوبرازلارنى يارىتالىسۇن! شۇڭا، كۆپلىگەن ئەدىبلىرىمىز ئۆزىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغىنى يوق. ئۆزىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرالمىغان ئادەم قانداقمۇ باشقىلارنى نامراتلىقتىن

قۇتۇلدۇرالايدۇ! يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى ئەسەر يازماس بولۇپ قالدى؛ بەزىلىرى ئېھتىمال نامراتلىقتىن سەسكەنگەندۇ، نامراتلىقنىڭ ماھىيىتىنى رېئاللىقتا تەڭ قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندۇ؛ بەزىلەر ئەمەل تۇتقاندۇ؛ بەزىلەر تىجارەت يولىغا ماڭغاندۇ؛ بەزىلەر باي بولغانلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇلارنى دوراپ ئىش قىلىپ، قويمىچىلارغا قويۇلۇپ كەتكەندۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن ئازاد قىلىپ، جىم تۇرۇۋالغاندۇ، چۈنكى يازغۇچى، شائىرلىق كوچىسى مۈرەككەپ، ئەگرى - توقاي كوچا بولۇپ، يېزىشنى بىلگەن بىلەن ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بىختەر مېڭىش، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىپ يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئاسان ئەمەس، بۇ كەسىپنىڭ ھەر تەرەپلىمە قىسمىتى، ئاۋارىچىلىكى بار. نۇرغۇن ئەقىل، زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىشقا، ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىگەن بىلەن كەچۈرىدىغان تۇرمۇشى ھېلىقىدەك تۇرسا، يېزىقچىلىقتا كىممۇ قىزىقىدۇ دەيسىز، ئەمما بىزدە غۇرۇر، ئەقىدە بىلەن ياشاۋاتقان يازغۇچىلار يەنىلا كۆپ.

مۇخبىر بۇرادەر، سىزگە ئېيتسام، نامرات تىجارەتچى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، پايدىغا ئىنتىلىدۇ، ئەپسۇسكى، نامرات يازغۇچى ئۆزىنىڭ نامراتلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، نامراتلىقىنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نامراتلىقنى سۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئۇخشايدۇ. بەلكىم، بۇ مۇشۇ بىر مەزگىللىك ئەھۋالدۇ؟ چۈنكى، يازغۇچى جەمئىيەتنىڭ سەركىسى، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى، ئۇلار ئۆز بۇرچىنى تونۇسا، يېقىن كەلگۈسىدە بۇ خىل ئەھۋال پۈتۈنلەي تۈگەپمۇ كېتەر.

مەشھۇر يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەپەندى بىزدىكى بۇ خىل غەيرىي ھالەتنى ئالدىن چۈشىنىپ يەتكەنلەردىن بىرى، شۇنداقلا

ئىجادىيەت تۇلپارى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزەر ئاغدۇرساق، تەسەۋۋۇرغا باي، جانلىق بولۇپ، ھە دېسە نامراتلىق ئەمەس، بەلكى، نامراتلىق بىلەن بايلىق، بايلىق بىلەن روھىيەت، روھىيەت بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ، چوڭقۇر ھادىسىلەر ناھايىتى روشەن بىر تەرەپ قىلىنغان. ئادەملەر جەسۇر، بۈيۈك، تۇرمۇش ۋە ھايات گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىيلەرنىڭ تارىخى ۋە تەرجىمىھالىنى كۆرسەك، بۇ جەھەتتە يەنە بەزى ئەھۋاللارنى ھېس قىلماي قالمايمىز. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيانى زىلزىلىگە سالالىدى؟ ئۇلارنىڭ زامانداشلىرىدىن نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان بولسىمۇ، نېمىشقا بۈيۈك بولالمىدى؟ ھالبۇكى، بۇ ئىككى زات ئەينى زاماندىكى پادىشاھلارنىڭ ئەۋلادى ياكى ئوردا كىشىلىرىدىن بولۇپ، پۇل - مال ئېھتىياجىدىن ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى، ئۇلار ئاشۇنداق باياشات ھايات ئاستىدا ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنى يېزىپ، ماددىي بايلىقنى ئۆلمەس مەنىۋى بايلىق يارىتىشقا سەرپ قىلغان.

ماددىي بايلىق، تېگىدىن ئالغاندا، تۇرمۇش پاراغىتىنىڭ ئانىسى. تۇرمۇش پاراغىتى بولسا خاتىرجەم ياشاشنىڭ مەنبەسى، خاتىرجەم تۇرمۇش ئەدىبلەرنى ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشنىڭ شەرت - شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتى بولمىسا، بۈيۈك ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئىرادىسى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. نامرات تۇرمۇش شارائىتىدا نامراتلىقنى ماختايدىغان ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىدۇكى، ئەلنىڭ رايىغا ياقىدىغان ياخشى ئەسەرلەردىن سۆز ئېچىش قىيىن، دېمەك، ئەدىبلەر كۆڭۈلدىكىدەك ماددىي شارائىتقا ئېرىشەلمىسە، روھىي جەھەتتىن ھەر قانچە كۆتۈرەڭگۈ بولغان تەقدىردىمۇ ئەسەرلىرى غورىگۈلچىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. بەلكىم بەزىلەر: بىزنىڭ ئۇل زاماندا ئۆتكەن

قەلەندەرگە ئوخشاش ئەدىب، پېشۋالىرىمىز، دۇنياغا مەشھۇر بالزاكقا ئوخشاش ئالەمشۇمۇللارمۇ نامرات ئىدى، ئۇلارمۇ بۇيۈك ئەسەرلەرنى يازدىغۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. بىراق، بۇ قىسمەنلىك، ئۇنى بۇگۈنكى پاراۋانلىق ۋە مول مەئىشەتلىك زامانغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇلار شۇ زامانغا خاس تۇيغۇ ۋە تالانتىنى نامايان قىلغان، ئەمما بىز بۇگۈن ئۇ دەۋرنى ئەمەس، بۇگۈن ۋە كېلەچەكنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك.

## ئەدىبلەر «يوق»نى «بار»غا ئۆزگەرتىشى كېرەك

تىجارەتچى تونۇشۇم بىلەن ئەنە شۇنداق قىزغىن پاراڭلاشتۇق، ئۇ، مۇلاھىزىگە ئامراق، گەپلىرى ئىلمىي ئادەم ئىكەن، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلمىسىمۇ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى خېلى ئاڭقىرالايدىكەن. مېھماندارچىلىق سورۇنى تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ئۇ مېنى بىللە ئايلىنىپ كېرىشكە تەكلىپ قىلدى. مېنىڭ ئىچىملىك دېگەنلەرگە تاۋىم بولمىغاچقا، ھەقىقەتەن ئىچىم سىقىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ تەكلىپى ياغدەك ياقتى.

بىز پاراڭلاشقاچ ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى باغقا كىردۇق.

— مېنىڭ يازغۇچىلىرىمىزغا بەكلا ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدى ئۇ يەنە سۆزگە كىرىشىپ، — ئۇلارغا مەدەت بەرگۈم، بەكلا ياردەم قىلغۇم بار. لېكىن، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق. بىر مىللەتتە ئەدىبلەر بولمىسا بولمايدۇ. يازغۇچى - شائىر ۋە سەنئەتكارلىرىمىز مەدەنىيىتىمىزنىڭ نامايان قىلغۇچىلىرى ئەمەسمۇ؟ ئەدىبلىرى، سەنئەتكارلىرى بولمىغان مىللەتنى مىللەت دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئۇلارسىز مەدەنىيەتتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. مەدەنىيىتى يوق مىللەتتىن يازغۇچى، شائىر، مۇخبىر، سەنئەتكار چىقمايدۇ؛ يازغۇچى، شائىر يوق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمايدۇ، ئەدىب،

سەنئەتكارلار ھەم مەدەنىيەتنى تارقاتقۇچى، ھەم مەدەنىيەتنى يەكۈنلەپ تەرەققىي قىلدۇرغۇچىدۇر. ئۇلار بۇ ئارقىلىق خەلقنى يېتەكلەيدۇ ۋە ئۆزى تەۋە مىللەتنى جاھانغا تونۇشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى، مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى نەمۇنە قىلىپ قالدۇرىدۇ. لېكىن، بەزى ئەھۋاللاردا ئايرىم دەۋرلەردە يازغۇچى، شائىرلار چىقمايدۇ، چىققاندىمۇ ھەقىقىسى چىقمايدۇ، بۇنىڭدا نۇرغۇن سەۋەب بولىدۇ، مەن ئۇنى بىرسى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى تۆۋەنلەپ كەتكەندە، يەنە بىرسى شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگىلى بولمىغان شارائىت ئاستىدا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن... شۇڭا ئەدىبلىرىمىز ھەممىدىن ئىلغار، ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە ئاۋانگارتلاردىن بولۇشى، ھەرگىزمۇ ھە دېسىلا ھېلىقىدەك نامراتلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ساختا تەشۋىقاتچىلاردىن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئويلاپ بېقىڭ، مۇخبىر ئەپەندى، ئۆز قايغۇسى يېتىپ ئاشىدىغان نامرات ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسى قانچىلىك كەڭ بولۇشى مۇمكىن؟ يەنە بىر نۇقتىدا ئۇنداق ئادەم باشقىلارنىڭ غېمىنى قانچىلىك قىلالايدۇ؟ نامرات يازغۇچىمۇ باشقىلار ئۇچۇن ياخشى خىزمەتلەرنى قىلالىشى ناتايىن! ئۆز ھالى بىلەن قالغان يازغۇچىدىن نېمە چىقىدۇ، كەسپىي ئاتالغۇ بويىچە ئېيتقاندا، كالپىندارلىق مەدھىيەگە لايىق «ئەسەر» چىقىدۇ. خالاس!

بۇ ھەرگىز ھەممىلا يازغۇچى - شائىرلارنى كەمسىتكىنىم، ئۇلارنىمۇ تىجارەتچىلەردەك ھەممىدىن پۇلنى ئەينەك قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشسۇن دېگىنىم ئەمەس، بۇنى ھەم تەشەببۇس قىلمايمەن.

بىزدىكى يازغۇچى - شائىرلارنىڭ كۆپلۈكى خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش! ئىجادىيەتمۇ شۇنىڭغا يارىشا كۆپ. ۋاھالەنكى، شۇنچە كۆپ ئەسەرلەر ئىچىدە پۇل، ئىقتىساد، ھاللىق سەۋىيە يارىتىش ھەققىدە يېزىلغانلىرىدىن قانچىسى بار، ئىقتىسادىي

تېمىنى ئاساس قىلغان ھېكايە، رومان، شېئىر، كىنو - تېلېۋىزىيە، سەھنە ئەسەرلىرىدىن بىر نەچچىنى دۇدۇقلىماستىن ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟! ئالايلۇق بىزدە «ئىزدىنىش» تەك رومانلار بولغان بىلەن «يەھۇدىيلارنىڭ پۇل تېپىش سىرى»غا ئوخشاش ئەسەرلەر يوق؛ «ئويغانغان زېمىن» بولغان بىلەن «ھەرەم باغقا قايتىش»قا ئوخشاش ئەسەرلەر يوق: «جاسارەتلىك ساقچى»، «تۇتقۇن قىلىنغان قاچقۇن» بولغان بىلەن «قېنى، ئەتە بولۇپ باقسۇن» يوق؛ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» بولغان بىلەن «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» يوق... يازغۇچىلىرىمىز نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى، ئەمما، تۇرمۇشنى جانلىق ئېچىپ بېرەلمىدى ياكى ھېسسىياتنى، روھىيەتنى يورۇتالمىدى، يورۇتقانلىرى بار دېيىلسە، سانى تىلغا ئالغۇدەك ئەمەس. شۇڭا، بىزدىن يېقىن مەزگىل ئىچىدە دۇنيادا تەسىر قوزغىيالىغۇدەك بىرەر پارچە ياخشى ئەسەر مەيدانغا كەلمىدى. راستىنى دېسەم، بىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەمىزدە يوق نەرسە كۆپ، يوقنىڭ بوشلۇقى ۋە يوقلۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلار تېخىمۇ كۆپ. قايسى يېقىن كەلگۈسىدە بۇنىڭغا خاتىمە بېرىلىشى مۇمكىن. بىرسى دېگەندەك، بىزدە سىياسىيغا، ئىجتىمائىيغا ئائىت ئەسەرلەر كۆپ، ئىقتىساد، تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت كىتابلار بەك ئاز، مانا بۇ بىزنىڭ تەرەققىياتىمىزدىكى بىر چوڭ يېتەرسىزلىك.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، سىياسەت يېڭىلانسا، تۇرمۇشمۇ، جاھاننىڭ ئىشلىرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىدۇ، ئادەملەرمۇ دەۋر ئېقىمىغا بېقىپ ئۆزگەرمىسە، ماسلاشمىسا بولمايدۇ، بۇ تەرەققىي قىلىشنىڭ بىر يولى، ئەدەبىياتىمىز ۋە ئەدىبلىرىمىزمۇ يېڭىلانغان ھايات قاينىمىغا ماسلىشىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئەدەبىياتىمىزدا ئەدىبلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئىقتىسادىي ئىسلاھات كىشىلىك ھاياتقا بەخش ئەتكەن ئاجايىپ چوڭ ئۆزگىرىش، يۈكسىلىش ئۆز ئىپادىسىنى تاپالمىدى. تەلىيىمىزگە بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى پارتىيە «ھەممە

ئېقىملار بەس - بەستە سايراش، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش»تىن ئىبارەت ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭچېنىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. بولمىسا، بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز بۈگۈنكى سەۋىيەگە يېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەدەبىياتقا ئوخشىماي قالار ئىكەن. بەلكىم بۇ دېگەنلىرىم قىسمەنلىك، شۇنداقلا تار قاراشلىرىمدىن شەكىللەنگەن يۈزەكى ھاسىلات بولسا كېرەك، دەپ قارايمەن. ئەتراپلىق قارىسام، بايىقى فاڭچېنىنىڭ مەنىسى بەك كەڭ، مەزمۇنى بەك چوڭقۇر، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ئەدىبلىرىمىزنىڭ بۇنداق ياخشى فاڭجېندىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلمىگەنلىكىدۇر.

مېنىڭچە، يەنە بىر جەھەتتىن، ئەدىبلىرىمىز بۇنىڭدىن پايدىلانمىدى ئەمەس، تار مەنىدە پايدىلاندى، ئۇنى كەڭ مەنىدىن چۈشىنىپ يېتەلمىدى. نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە قارىتا كىشىلەرنى «نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش، توغرا ئىدىيە بىلەن يېتەكلەش» دەيدىغان يېڭىچە قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئاتالغۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى بەكمۇ كەڭ، ئۇنى تەتقىق قىلسا، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك، ئەدىبلەرگە يول شۇنچە داغدام بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولغاچقا، يېڭى تېرمىنغا چوقۇنىدۇ - يۇ، كونا رامكىدىن دادىل قول ئۈزەلمەيدۇ. ئۇلاردا ئېھتىياتچانلىق، ئېغىر ھالدىكى بىر تەرەپلىمە قاراش مەۋجۇت، چۈنكى، ئۇلارغا ھەرقانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەتتە بالدۇر «نېسىۋە» تېگىدۇ. مەسىلەن، نامراتلىق ئازابى دەمدۇق، تەنقىد قىلىش، كۆرەش قىلىش دەمدۇق، بۇلارنىڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا، ئاندىن پۇلى بارلارنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار يېزىش جەريانىدا يازغان تىپلىرىدا ھەممە ئادەمنى ماختاپ ئۈچۈرمايدۇ، تەنقىدىي يول بىلەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئاچىدۇ، مانا مۇشۇ جەرياندا تەنقىد قىلىنىش

ئوبيېكتلىرى گەرچە شۇ ئىشنى قىلمىغان بولسىمۇ، قىلىش نىيىتىدە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەنقىدىنى ئۆزىگە ئېلىپ، ئىچىگە ئۇرۇپ كېتىپ، ئۇلارنى يامان كۆرۈش، ئۆچ كۆرۈش، ئۆچىنى ئېلىۋېلىشنىڭ نىشانى قىلىۋالىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق قىلىش بىمەنىلىك، بىچارىلىك ۋە نادانلىق بولىدۇ، ئۇلار ئەسلىدە ئۇنىڭدىن ساۋاق ئالسا، مەسىلە بولسا ئۇنى تۈزەتسە بولىدۇ، قانداقتۇر، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى شۇ دەرىجىدە قارا يېپ قىلىپ قويماسلىقى، ئەدەبىيات بىلەن سەنئەتنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، كىشىلەردىكى چۈشەنچە، بىلىمنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلى قالاق كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ئۇلارنىڭ قانداق يېزىشىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن ئاۋارە قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ساۋاقنى يەكۈنلەش ئېڭى يۇقىرى، ھە دېگەندە شۇ خىل «ھايات» قايىنىمىغا كىرىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ئەمما، ئادەم سەۋەنلىك ۋە خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ، ئالدى بىلەن قىلىپ بېقىش كېرەك، قىلماي تۇرۇپ قورقۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق، خاتالىق، سەۋەنلىك كۆرۈلسە تۈزىتىشتىن قورقماسلىق كېرەككۇ؟!

## پۇلى يوق ئەدىبنىڭ ھالىغا ۋاي

مېنىڭچە، يازغۇچىلىرىمىز ئەمدى ئىككىلەنمەسلىكى كېرەك، سودىدىمۇ ئىككىلەنگەن ئادەم زىيان تارتىدۇ. نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەر ئىشقا جۈرئەت قىلىش، كۆيۈش ـ ئۆلۈشتىن قورقمايدىغان «يورۇقلۇق ئاشىقى ـ پەرۋانە» روھى بولۇشى كېرەك. باشقا كەلگەندە باتۇر بولۇش دېگەن ئەنە شۇ. يازغۇچىلاردىمۇ تىجارەتچىلەردە تەۋەككۇلچىلىك روھى بولمىسا بولمايدۇ. پۇلنى كۆرسە «ئايلىنىپ» ئىچىنى تارتىپ كېتىدىغان، ئەمەلنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىسا قەلەمنى تاشلاپ قويىدىغان، ئازابقا دۇچ كەلسە ھەممىدىن كېچىپ تۈگىشىپ كېتىدىغان

ئادەم ھەقىقىي مەنىدىكى يازغۇچى، ئەدىب بولالمايدۇ.

يازغۇچىلار ئىقتىسادىي ساھەلەرگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىنى، بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ئۆزىمۇ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئاز - تولا قاتنىشىشى كېرەك. بۇنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىسى باركى، ھەرگىز زىيىنى يوق. ئەدىبلەر مەلۇم ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېرىشكەن ئىقتىساد ئارقىلىق ئۆزىنى قامداشنى بىلىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئىقتىسادنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى، ئۈنۈمى، ئورنى، شۇنداقلا تۇرمۇشنى ياخشىلاش، ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىش، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى سالمىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، يازغۇچى - شائىر بولمىسا بولمىغىنىدەك، يازغۇچى - شائىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجادىيەت پائالىيىتى ئۈچۈنمۇ ئىقتىسادىي شەرت - شارائىت بولمىسا بولمايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا تېخىمۇ شۇنداق؛ بالزاك قاتارلىقلارنىڭ دەۋرىگە ئوخشاش ياشاپ، شۇ دەۋردىكىدەك يېزىشقا بۈگۈن ئەسلا بولمايدۇ. يازغۇچى ھامان يۇقىرى ئاڭ يېتىلدۈرۈپ ئالدىغا قارىشى، كەلگۈسىنى كۆرۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ ئىقتىساد بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى كېرەك. «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» ھېسابلانغان يازغۇچى - شائىر خەلقنى يېتەكلەيمەن دەيدىكەن، نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىمۇ ئالدى بىلەن ئۆزى باشلامچى بولۇشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈپلا قالماي، روھىي جەھەتتىنمۇ ئالىيجاناب ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. ئاندىن ماددىي جەھەتتىن باي بولۇشنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. روھىي ئامىل ماددىي ئامىلدىن كۈچلۈك بولسا، تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ - دە،

روھىيەتچىلىك ھەممىنى كونترول قىلغۇچى ئورۇنغا ئۆتۈۋالىدۇ. روھىيەتچىلىك ۋىجدان، غۇرۇرنى دەستەك قىلىدۇ. ۋىجدان بىلەن غۇرۇرنى چەكتىن ھالقىپ ماددىي نەرسىلەردىن ئۈستۈن قويۇش روھىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، رېئالىستلار ئۈچۈن ئالغاندا بىمەنە بىر ئىش. ئۆتكەن زاماندىن ئەنئەنە سۈپىتىدە قالغان غۇرۇر - ۋىجداننى دەستەك قىلىش خاھىشى نۆۋەتتە نۇرغۇن يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئادىمىيلىك دەستۇرى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولغاندەك، غۇرۇر - ۋىجداننىڭمۇ جارى قىلدۇرۇلىدىغان ئورنى بار: مەن بۇ يەردە غۇرۇر - ۋىجداننى چۆرۈۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغىنىم يوق، ئادەم غۇرۇر - ۋىجداندىن ئايرىلسا ھايۋاندىن پەرقى قالمايدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئىقتىساد بىلەن روھىيەت ئوتتۇرىسىدىكى دىيالېكتىك مۇناسىۋەت مەسىلىسى بولۇپ، غۇرۇر - ۋىجدان تولا چاغلاردا ماددىي ھايات پائالىيەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ماددىي مەئىشەتنىمۇ چەتكە قاقالمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا سەل قارايدۇ ياكى تەھلىل يۈرگۈزمەي سەلبىي تەرىپىگىلا ئېسىلىۋالىدۇ. روھىيەتنىڭ ماددىي ئامىللار بىلەن بولغان ئىچكى باغلىنىشىنى، رېئال ماھىيىتىنى تەتقىق قىلمايدۇ، نۇرغۇن دەلىللەرنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇكى، غۇرۇر - ۋىجدان ماددىي نەرسىلەرگە ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان نەرسە بولمىسىمۇ، ماددىي نەرسىلەرگە قارىتىلغان مۇئامىلىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى چەتكە قېقىلىدىكەن، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ماھىيىتىنى نامايان قىلىشتىن مەھرۇم بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە رېئاللىق كىشىنىڭ غۇرۇر - ۋىجدانىغا مۇناسىۋەتلىك مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى ناتايىن. تولىمۇ «سول» نۇقتىدىن چىقىپ، غۇرۇر - ۋىجدانغا خىلاپ كېلىدىغان ئىشنى قىلماسلىقتا جاھىللىق بىلەن (بىر تەرەپلىمە ھالدا) «چىڭ تۇرغان»دا نامرات ياشاشتىن باشقا يول يوق. نامرات تۇرمۇش يازغۇچىغا ياخشى ئىجادىيەت پۇرسىتى

يارىتىپ بەرمەيدۇ.
ئاڭلىسام، ئەدىبلەر يازغان كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇشقا توغرا كەلسە، مۇشتەرى توپلىشى، ھەتتا ئۆزلىرى سېتىشى كېرەك ئىكەن. بۇ يازغۇچىلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن چوڭ قايغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنچىۋالا قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغانىكەن ھامان شۇنداق بولىدۇ. ئاپتورلارنىڭ كىتابلىرىنى ھۆكۈمەت پۇل چىقىرىپ بېسىپ بېرىدىغان ئىش بارا - بارا تۈگەيدۇ، بۇنداق قىلىشنىڭ بەلگىلىك زىيانلىق تەرىپى بار بولۇپ، كىتابلار سېتىلماي بېسىلىپ قېلىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ. ئىجادىيەتتە يۈكسىلىش بولمايدۇ. ئەدىب - يازغۇچى - شائىرلار يازغان كىتابلىرىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان ۋەزىيەت قانچە بالدۇر بارلىققا كەلسە ياخشى يازىدىغان، خېرىدارلىق ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان بولىدۇ. نەتىجىدە، يېزىلغان كىتابلار كۆمۈلۈپ قالماي نەشر قىلىنىدۇ، ئىستېمالچىلار ئېھتىياجلىق كىتابلارنى تاللاپ سېتىۋېلىشقا سازاۋەر بولالايدۇ. كەلگۈسىدە نەشرىياتلار شىركەتلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا خەلقنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ؛ خەلق ياقتۇرمايدىغان ئەسەر چىقارغان نەشرىيات ۋەيران بولىدۇ. ھالبۇكى، يازغۇچىلىرىمىزدىكى ھېلىقىدەك قاراشنىڭ راستىنلا ئاساسى يوق. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەندىشىلىرى پەقەت ۋاقىتلىق مەسىلە بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى بىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، مەدەنىيەت ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولمايدۇ ھەم تەرەققىي قىلمايدۇ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادقا باغلانماي مۇمكىن ئەمەس. ئۇ پۈتكۈل تەرەققىياتىدا ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن جەزمەن ئىقتىساد بولۇشى كېرەك. ئالايلۇق، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئاساسى مەنىۋى پائالىيەتكە يىغىنچاقلانسىمۇ، ئۇ يەنىلا ماددىي ۋاستىدىن ئايرىلمايدۇ. ماددىي ۋاستە بولسا ئىقتىساد ئارقىلىق يارىلىدۇ، ئۇستقۇرۇلمىغا تەۋە بولغان مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى

ئىقتىسادقا يۈلەنمىگەندە ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى خىل، جانلىق، پايدىلىنىشچانلىقى يۇقىرى بولغاندىلا، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۈنۈملۈك بولىدۇ. يارامىلىق ئەسلىھەلەر بولسا، يەنىلا ئىقتىسادتىن كېلىدۇ. پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا بۇنداق ئەسلىھەلەر خىللانغان بولسىمۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىشلىتىش ئىقتىساد بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىپ قىممەت ياراتمايدۇ. نەشر قىلىنغان كىتابلارنى يازغۇچى - شائىرلار ئۆزى سېتىش مەسىلىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەنىۋى مەھسۇلات - بۇيۇملارمۇ بازارغا يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە يازغۇچى - شائىرلار ئىقتىساد بولمىسا، ئېسىل كىتابلارنى يازغىلى ۋە نەشر قىلدۇرغىلى، زامانىۋى مەدەنىيەتنى ياراتقىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشى كېرەك. دېمەكچى بولغىنىمىز، پۇلى يوق ئەدىبنىڭ ھالىغا ۋاي، دەيدىغان كۈنگە قېلىشتىن ساقلىنايلى، دېگەندىن ئىبارەت.

## ئەدىبلەر غۇرۇر - ۋىجدانىنى تېخىمۇ ياشارتىشى كېرەك

سۆھبەتدىشىم شۇنچە كۆپ سۆزلەپمۇ دەيدىغانلىرى تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى. مەنمۇ قىلچە زېرىكىش ھېس قىلماي قىزىقىپ ئاڭلىدىم، ئۇ، ئۆز قاراشلىرىغا مەندىن ئاندا - ساندا «تەستىق» ئالغاندىن باشقا، ماڭا ئېغىز ئېچىش پۇرسىتى بەرمىدى.

— ئۆزۈمنىڭ يازغۇچى - شائىر بولۇپ قالمىغىنىمغا كۆپ ئۆكۈنىمەن، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ئۇ، — تاپقان ئاز - تولا پۇلۇم بىلەن نامرات كۈن كەچۈرۈۋاتقان كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، قەددىنى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولالىشىم ناتايىن. مەن مىليونېر، مىلياردېر بولغان تەقدىردىمۇ بۇنچە كۆپ ئادەملەرنى نامراتلىق تۇمانلىرى ئارىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، باي بولۇش ئىستىكى بىلەن

قاناتلاندۇرالمايمەن، ئەلۋەتتە. يازغۇچى ـ شائىر بولغان بولسام، بىرقانچە پارچە ئەسەر يېزىپ سانسىزلىغان قەلبلەرگە يېڭى روھ، يېڭى ئۈمىد بېغىشلاپ، باي بولۇش، پۇل تېپىشقا مەپتۇن قىلىۋېتەر ئىدىم، تەشۋىقات بەك كۈچلۈك قورال، «روھىيەتكە چوقۇنىدىغان خەلق ئۈچۈن ئەڭ ئۈنۈملۈك دورا» دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. مېنىڭچە، نادان ۋە نامرات خەلقىمىزگە ئالدى بىلەن روھىيەت ئۈستۈنلۈكى ئاتا قىلىش، ئاندىن ماددىي ئۈستۈنلۈكنى ئۈنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىپ، ئۇلارنى تولىمۇ زەئىپ بولغان روھىيەت غەپلىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا، ئەدەبىيات تەشۋىقاتلىق رولىدىن پايدىلانسا تېز ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆز خەلقىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ئالاھىدە ئىقتىدارلىق يازغۇچى ـ شائىرلار چىقالايدۇ.

ھۆكۈمەت «پۇل تېپىش، باي بولۇش يوللۇق» سىياسىتىنى چىقارغاندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەنلەر تازا پۇل تاپتى، بېيىدى. ئەمما، يازغۇچى ـ شائىرلارچۇ؟ ئۇلار گەپنى قاملاشتۇرۇشقا ئۇستا بولغىنى بىلەن، پۇل تاپالمىدىلا ئەمەس، ئىجادىيەتتە يېڭىچە بىر يولمۇ تۇتالمىدى: ئىسلاھات ھەققىدە ئۈنى ـ بۇنى يازغان بولسىمۇ، مۇكەممەل تىپ يارىتالمىغاچقا، ئوقۇرمەنلەرگە ياقمىدى. ئائىلىۋى، پارا ئېلىش، چىرىكلىشىش، ئەخلاقسىزلىق، ھالال ئەمگەك بىلەن باي بولۇش، پۇل تېپىش، بۇزۇپ ـ چېچىش دېگەندەك تېمىلار شۇنداق ئاددىي، شۇنداق يۈزە ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇلدى. ئوبراز يارىتىشتا قىسمەنلىك ئاساس قىلىنىپ، خەلق بىزار بولغان قىلمىشلارنىڭ بىر قىسمى ئۇلارنىڭ قەلبى ئاستىدا، ئىسلاھات جەريانىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان خاتالىق دېيىلسە، يەنە بىر قىسمى پەردازلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قاتارىغا چىقىرىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بەزى يازغۇچى ـ شائىر، سەنئەتكارلار پۇل يامان نەرسە، ئۇ ھەممىنى خاراب قىلىدۇ، ھەممىنى چىرىكلەشتۇرۇپ، پاتقاققا تىقىدۇ دېگەننى تەشۋىق قىلدى. پۇل زادى قانداق ئەسكى؟ پۇلنىڭ، ئىقتىسادنىڭ

ماھىيىتى نېمە؟ دېگەندەك ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەر خاتا چۈشەنچە، خاتا ئۇقۇم بويىچە قېلىنىۋەردى. ئەسلىدە ئۇنىڭ يۈزەكى تەرىپىگە ئەمەس، ماھىيىتىگە قاراش كېرەك ئىدى. يازغۇچى ـ شائىرلار رەزىل ئادەملەرنى تەسۋىرلەپ يازغان ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنى پۇل ئارقىلىق رەزىللىك قىلغاندەك كۆرسەتتى، ئەمەلىيەتتە، پۇل ۋاسىتىچى بولغان، ئەمما سەۋەبكار بولغان ئەمەس. يازغۇچى ـ شائىرلار نېمىشقا بۇنى توغرا تونۇپ يەتمەيدۇ. ماقۇل، ئۇلار شۇنداق يازدى، لېكىن ئۇنىڭدىن كىم تەسىرلەندى، كىم قانچىلىك تەربىيە ئالدى؟ سۈرۈشتۈرگەندە يازغۇچى شۇ بىر پارچە ئەسىرى بىلەن كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالغان بولدى، خالاس.

ھازىرقى ۋاقىتتا، ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان يەنە بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى غەيرىي ھالدا ئىستېمال قىلىشىدۇر. تاماشىبىنلارنىڭ بەزىلىرى تېلېۋىزورلاردىن ھېلىقىدەك سەھنە ئەسەرلىرىنى كۆرگەندە، «ئەجەب مېنى يېزىپتۇ ـ ھە؟!» دەپ، ھەم رەنجىش، ھەم پەخىرلىنىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ. يەنى، مەن ئاشۇ ئىشلارنى قىلمىغان بولسام، تېلېۋىزورغا قانداق چىقاتتى، تېلېۋىزورغا چىققان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىش، ئەسكى ئىشنى تېلېۋىزوردا كۆرسىتەمدۇ دەپ، قورسىقىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىدىغانلار بار. يەنە بەزىلەر تېخى شۇ ئەسەردىكى دېتاللاردىن ئەكس تەسىر ئېلىپ، باشقىلار قىلغان ئىشلارنى بىزمۇ قىلساق بولىدىكەن، دېيىشتى ياكى ئۇنى تېخىمۇ «بېيىتىپ»، غەيرىي نورمال ئىشلارنى تېخىمۇ يۈرەكلىك قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. مۇخبىر بۇرادەر، سىز بۇنى يالغان دېيەلەمسىز؟

ئەدىبلىرىمىز پۇلغا، ئىقتىسادقا توغرا مۇئامىلە قىلغان بولسا، مۇشۇنداق تار، يۈزە ھالدىكى يېزىقچىلىق قايىنىمىغا كىرىپ قالمىغان، پۇلنى قانداق تېپىش، قانداق ئىشلىتىش ھەققىدە ئىزدىنىپ قىممىتى بار ئەسەرلەرنى يازغان بولاتتى.

دۇنيا ئەدەبىياتىغا نەزەر سالساق، تەرەققىي تاپقان ئەل يازغۇچى - شائىرلىرى ئىقتىسادىي تېمىدا يازغان ئەسەرلەر ئاز ئەمەس. لېكىن، بىزنىڭ تەرجىمانلىرىمىز نامراتلىق ياخشى، پۇل ئەسكى، ۋىجدان «ئۇلۇغ»، غۇرۇر «بۈيۈك» دەيدىغان نامرات ئەللەرنىڭ، نامرات يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشقا ئامراق. مېنىڭچە بۇنىڭدا ئوبيېكتىپ سەۋەبمۇ يوق ئەمەس. ئاساسلىقى نەشرىياتلىرىمىز، ئاخبارات تارماقلىرىمىز پۇلنى تەشۋىق قىلىشتىن بەك قورقىدۇ، ئۇنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پۇل بەك مەينەت، ۋابادىنىمۇ قورقۇنچلۇق. چۈنكى، ئۇلارنى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى بېقىپ، پۈتكۈل زىيانلىرىنى تولدۇرۇپ، «ئەركە بالام» قىلىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھە دېسە يۆلىنىۋېلىپ، ئىقتىسادنىڭ ھېچقانداق زەربىسىگە ئۇچرىمىغان. شۇڭا، ئىقتىساد توغرىسىدا يېزىلغان ياخشى ئەسەرلەر ئۇلارغا چىرىتكۈچى مىكروب بولۇپ تۇيۇلىدۇ. تەرجىمانلار بۇنى بىلگەچكە ئارتۇقچە زورۇققاندىن كۆرە، ئۇلارغا ياقىدىغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىدۇ. بەزى تەھرىر بۆلۈملىرى تېخى ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ھەققىدىكى تېرمىنلارنى ئۇقمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ خىل ئەسەرلەرگە ئورۇن بەرمەيدۇ، غەيرىيلىك ھېس قىلىدۇ. ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ تەشۋىقاتىدىن ھەممە نەرسە چىقىپ تۇرىدۇ - يۇ، لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرى ئەمەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئادەتتە، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن دائىم «پۇل يوق» دېگەن ۋايساشلارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. دېمەك، پۇل ئۇلارنىڭ ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىشىغا يېتىشمىگەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ پۇل ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بەك تۆۋەن ھەم يېتەرسىز.

يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ساھە ھەققىدىكى ئەسەرلىرى ئىچىدە مۇنەۋۋەرلىرىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەرنى غۇرۇر - ۋىجداننىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇكى، نۆۋەتتە دەۋر ئۇلاردىن ۋىجدان - غۇرۇرنى تېخىمۇ ياشارتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھەرگىز «كونا» ۋىجدان -

غۇرۇرۇڭىنى يوقىتىدىغان نەرسە، ئەلكېتىپ، ئۆز ۋىجدانىدىن خىجىل بولۇشىدۇر.

غۇرۇرۇڭنى يوقات دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى، هازىرقى شارائىتتىكى هاياتقا ماس كېلىدىغان، خاسلىققا ئىگە يەنە بىر خىل غۇرۇر - ۋىجداننى يارىتىپ ۋە ياشارتىپ مۇستەهكەملەشنى تەشەببۇس قىلىغانلىقتۇر. شۇ چاغدىلا، ئۇلار ئىقتىسادىي تېما هەققىدە ياخشى ئەسەرلەرنى يازالايدىغان، تىپىك ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتالايدىغان بولىدۇ.

پۇل ۋە ئىقتىسادنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى كۆپ، ئۇنى توپلاش، ئىشلىتىش، تەتقىق قىلىش كېرەك. پۇلنى يالغۇز ياۋروپالىقلار ئىجاد قىلغان ئەمەس، ئۇنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان، ئۇنىڭ سىرىنى ياۋروپالىقلارلا ئەمەس، ئاسىيالىقلار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ ناهايىتى ئوبدان بىلىدۇ، شۇنداقلا خەلقىمىز پۇل تېپىش ۋە خەجلەشكە ئىنتايىن ماهىر. ئۇلار پۇلدىن پايدىلىنىپ گۈزەل هايات، پاراۋان تۇرمۇش يارىتالايدۇ.

تىجارەتكە كىرىشكەندىن بۇيانقى تەجرىبىلىرىمگە ئاساسلانغاندا، پۇل تېپىشنىڭ يولى كۆپ، چارە - ئامالى خىلمۇخىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. مۇبادا سىز پۇل هەققىدە ئەسەر يازماقچى بولسىڭىز، ئىككىلىنىپ قالماڭ، ئىككىلىنىپ قالغان چاغلاردا «يەهۇدىيلارنىڭ پۇل تېپىش سىرى» دېگەن كىتابتىكى مۇنۇ جۈملىلەرنى ئەسكە ئېلىڭ:

«‹بازارلاردا ئىقتىسادشۇناسلىق›، ‹ئىقتىسادىي سودا ئۇسۇلى› دېگەندەك كىتابلار پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بىزنىڭ قايسى ئۇسۇل بىلەن پۇل تېپىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىتابلاردىن بىرسىمۇ يوق. ‹بۇنداق قىلسا چوقۇم پۇل تاپقىلى بولىدۇ› دېگەندەك ئىبارىلەر يېزىلغان كىتابلار تېخىمۇ يوق. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاپتورلىرى ساپلا پۇل تېپىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان هۆكۈمالار. ئۇلار يىل بويى نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئادەتلەنگەچكە، يازغان كىتابلىرىمۇ ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قانداق قىلىپ پۇل تېپىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ».

لېكىن، بۇ بىر تەرەپلىمە قاراش، خالاس. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇزاق مۇددەت پۇل تېپىش بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان كىتابلىرىدا بولسا، كىشىگە نەپ بېرىدىغان نۇرغۇن بىلىم ۋە يول بولىدۇ. بۇنداق كىتابلار سىزگە پۇل تېپىشنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن يوچۇقلىرىنى كۆرسىتىپ، ئەقىل كۆزىڭىزنى قايتا ئېچىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：瓦热斯·买买提
责任校对：如克也·西力甫
　　　　　热依莎·吐尔逊
封面设计：海米旦·塞达力木

致富丛书

**爱财之理**（维吾尔文）

阿不来提·居马土谱热克　编著

新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　5印张
2012年3月第1版　2012年3月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-1212-6（民文）定价:15.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

- ساغلام تاپاۋەت، بېرەر ھىدايەت
- پۇل ھەققىدە ئاچچىق - چۈچۈك ھېكايىلەر
- پۇل تېپىشنىڭ ساغلام يولى
- پۇلغا ياندىشقان بايانلار
- تېجەپ پۇل تېپىش
- ئۆزىڭىزگە قويمىچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ
- قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش ( 1- ، 2 - قىسىم )
- بايلىق داستىخىنى - مۇلازىمەت
- سودا پۇرسىتىنى قەدىرلەڭ
- پۇل تېپىشقا ياندىشقان خىرىس

ISBN 978-7-5466-1212-6

9 787546 612126 >

定价：15.00元